# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

# JOURNAL OF KASHGAR TEACHERS COLLEGE

3



1989

AltunOq

JOURNAL OF KASHGAR
TEACHER'S COLLEGE
(Social sciences' Uighur Edition)
喀什师范学院学报编辑部编辑出版

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
ئىلمىي ژۇرنىلى
پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى
1989年第3期（总第39期）

# مۇندەرىجە

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى (3) ............ يۈسۈپ ھۈسەيىن (2)
قىرچىر خانلىقى ............ تۇرغۇن ئالماس (20)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك نامى، كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرى ............ قاسىم ئارىش (42)
ئۇيغۇرلاردا مەدەنىي مائارىپ ............ ئىبراھىم نىياز (62)
قۇمۇل ۋە لاپچۇق ھەققىدە ............ ئوسمان تۆمۈر (82)
مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ............ مۇھەممەت ئېيسا (89)
«ھ» فونېمىسىنىڭ خوتەن دىئالېكتىكىدىكى ئورنى ............ مۇھەممەتئىمىن سابىر (101)
تاۋار ئىگىلىكى ئەمەلىيەتتە بازار ئىگىلىكىدۇر ............ ئابلىكىم ھەسەن (113)

# «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى (3)

يۈسۈپ ھۆسەيىن

مەن «قۇتادغۇ بىلىك تەتقىقاتى» ناملىق ماقالەمنىڭ 1-، 2- قىسىملىرىدا «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلارنىڭ يېڭى مۇلاھىزىلىرىگە سەۋەب بولسۇن ئۈچۈن، بەزى يىپ ئۇچلىرىنى كۆرسىتىپ قويغانىدىم. بۇنداق يىپ ئۇچلىرىنىڭ بىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىلمىي قىياس ئىدى. بۇ مەسىلە ماڭا ئاساسسىز چۈشكەن ئەمەس.

1986- يىل 8- ئايدا قەشقەردە مەملىكەتلىك «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى ۋە ئىلگىرى يەرلىك كىشىلەر يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىزنىڭ مازىرى دەپ قاراپ كېلىنگەن مازارغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى سۈپىتىدە ئۇل قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ يىل 9- ئايدا، تاۋاپ كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ھاراپ قۇملۇقىدىن ئاتۇشتىكى ساتۇق بۇغراخان مازىرىغا تاۋاپقا كېتىۋاتقان بىر دېھقاندىن: «بۇ يىل يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىزنىڭ روھى قوپقان يىل» دېگەن جۆيلۈش خاراكتېرلىك گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ دېھقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن بىخەۋەر ئىدى. مەندە ھەيرانلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1988- يىل ئىككىنچى سانىدا ئېلان قىلىنغان «تارىخىي خەمسە شەرقى» دېگەن كىتابنى تونۇشتۇرغان ماقالىدىمۇ يېقىنقى زاماندىكى مەشھۇر تاتار موللىسىنىڭمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنى بىر ئادەم دەپ قارىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ خىيالىم يىراق ئۇرال بويلىرىغا قانات تالاندى. چۈنكى قازان شەھىرىدىن تېپىلغان بىر كوزىغا «قۇتادغۇ بىلىك» بېيىتلىرى نەقىش قىلىپ چېكىلگەن دېگەن مەلۇمات بىلەن «تارىخىي خەمسە شەرقى» توغرىسىدىكى مەلۇماتتىكى ئۇچۇر مېنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغانىدى. مەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە باشلىدىم.

بولۇپمۇ قاراخانىلار تارىخى ھەمدە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان يولداشلارغا مەلۇمكى، بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ مەسىلە. بەزى يولداشلار «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا شەكلەن مەنتىقە دائىرىسىدە چەكلىنىشنى، يەنى كىتابتىكى مەلۇم مەزمۇنلار ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى ئېلان قىلغان چۈشەنچىلەر بىلەن چەكلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەن بولسام بۇنىڭغا قانائەت قىلالمايمەن. تارىخىي ئەينەنلىك ئېچىلمىسا بارلىق ئىشلىرىمىز بىر مەيدان ئاۋارىگەرچىلىك بولۇپ قالىدۇ. شۇنى تەنتەنە

AltunOq

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئاگاھلاندۇرىمەنكى «قۇتادغۇ بىلىك» 1984 - يىل ئۆز ۋەتىنىدە نەشىردىن چىققان، ۋاھالەنكى 1084 - يىل ئاپتۇر تەرىپىدىن يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن. بۇ ئارىلىق دەل 900 يىل بولۇپ، بۇ تاسادىپىيلىقنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن-ھە!؟

## قولىمىزدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» نۇسخىسىنى ئىشلەش جەريانىدىكى بەزى چۈشەنچىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە

ئەسلىدە، «قۇتادغۇ بىلىك» بۇنىڭدىن 900 يىل ئىلگىرى يېزىلىپ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەن. قولىمىزدىكى نۇسخا ۋېنا (ھىرات)، قاھىرە، پەرغانە (نامانگان) نۇسخىلىرى، تۈركىيە، ئۆزبېكىستان ئالىملىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن رەتلەنگەن. دۇنيادا ھازىرغىچە ھېچكىم ئاپتورنىڭ ئەسلى قول يازما ئارگىنالىغا ئىگە ئەمەس. شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى تارىخي پاكىتلارنى ئەمەس، بەلكى تارىخي قىياسلارنى ئاساس قىلغان. تەتقىقات ئۆلچىمى قىياسلارنىڭ مەنتىقىلىق دەرىجىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىزدىن يىراق ئەللەردىكى «سەرگەردان» نۇسخىلىرى پارچە - پۇرات بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنداق نۇسخىلارغا تەتقىقات يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ مەۋقەلىرى، چۈشەنچىلىرى ھەر خىل بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئالىملار يۇسۇپنىڭ ۋەتىنىدىن، ئۇ ياشىغان خەلق ئاممىسىدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتا ۋە نەچچە ئەسىر كېيىن ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە چوقۇنغىلى بولمايدۇ. ھەتتا قولىمىزدىكى نۇسخىنىڭ ئىشلىنىش جەريانىدا بېرىلگەن تونۇشتۇرۇش ۋە مۇقەددىمىدىكى پىكىرلەرگە قاراپ باقساق بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن خالى ئەمەس. مەسىلەن:

### «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە

قولىمىزدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەشىرلىنىش مۇقەددىمىسىدە: كىتاب ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى يەنى مىلادىنىڭ 1069 -، 1070 - يىللىرى 18 ئايدا يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن، دەپ يېزىلغان. ئەمما، ھىجرىيە يىل ھېسابى بىلەن مىلادى يىل ھېسابىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرگەندە ھىجرىيىنىڭ باشلىنىشىغا بولغان خاتا چۈشەنچە، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىگە سەۋەب بولغان. ئالايلۇق، 608 = 462 — 1070 دېگەن ھېسابلاشنى ئالساق ھىجرىيە مىلادىنىڭ 608 - يىلى باشلانغان بولۇپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى «ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى»، «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ۋەھى 610 - يىلى چۈشكەن. بۇ چاغدا مۇھەممەت پەيغەمبەر 40 ياش ئىدى. ھېلىقى چۈشەنچە بويىچە ھىجرىيە ۋەھى چۈشۈشكە باشلىغان 610 - يىلدىن ئىككى يىل بۇرۇن باشلانغان بولۇپ قالىدۇ. يەنە شۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ھىجرىيە مىلادىنىڭ 622 - يىلى باشلانغان. يەنى مۇھەممەت پەيغەمبەر 52 يېشىدا ھىجرەت قىلغان بولۇپ، بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردىكى يازما پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. دېمەك، مۇقەددىمە يازغۇچى ئۇستازلار ھىجرىيىنىڭ مىلادى 622 - يىلى باشلانغانلىقىنى ئۇنۇتقان.

گېپىمىزگە كەلسەك، ھىجرىيە مىلادىنىڭ 622_ يىلى باشلانغان دېگەن ھۆكۈم بويىچە، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئېنىقلىساق، ئۇچاغدا 1084 = 622+462 بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك «قۇتادغۇبىلىك» 1083_، 1084_ يىللىرى 18 ئايدا يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن.

قولىمىزدىكى «قۇتادغۇبىلىك» نۇسخىسىنىڭ نەشرىلىنىش مۇقەددىمىسىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى قاراخانىلار خاقانى ئىبنى ئەلى ھەسەن بۇغرا قاراخانغا سوۋغات قىلىپ، خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، دەپ يېزىلغان. ۋەھالەنكى كىتابنىڭ ئەسلى مەزمۇنىدا ياكى قانداقتۇر كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان نەسرى، نەزمى مۇقەددىمىدە ئىبنى ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلىنغان دېگەن پاكىت يوق. بۇ قاراش پەقەت نەسرى، نەزمى مۇقەددىمىدىكى، تاۋغاچ بۇغرا قاراخانغا سوۋغات قىلىنغان دېگەن نائېنىق تەرجىمىگە ئاساسەن ۋە تارىخنى ۋاراقلاپ 1070_ يىللاردىكى پادىشاھ ئىبنى ئەلى ھەسەن ئىدى دېگەن مەلۇماتقا ئاساسەن قىياس قىلىنغان. ۋەھالەنكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرى، نەزمى مۇقەددىمىسىنىڭ ئەسلى تېكىستىنى تەكشۈرگەندە، ھەتتا بۇغراخانغا سوۋغات قىلغان ياكى تەقدىم قىلغان دېگەن مەنا چىقمايدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرى، نەزمى مۇقەددىمىسى بىر كىشى تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا يېزىلغان بولماستىن، بەلكى ئىككى كىشى تەرىپىدىن يىراق - يىراق چاغلاردا، نۇرغۇن ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاندىن يېزىلغان. نەسرى مۇقەددىمە ئېھتىمال 15 - ئەسىردە ھىراتلىق، كىتابنى ساقلىغۇچى ھەسەن شەمسى ساھىل دېگەن كىشى تەرىپىدىن، نەزمى مۇقەددىمە 13 - ئەسىردە قاراخانىلار خانلىقى كىدانلار ھاكىمىيىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان چاغدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە نەسرى مۇقەددىمە بىلەن نەزمى مۇقەددىمىنى ئايرىم_ ئايرىم تەكشۈرۈپ باقايلى:

نەسرى مۇقەددىمىدىكى ئەسلى تېكىست:

« بۇ كىتابىن تەسنىپ قىلغىلى بالاساغۇن مەۋلۇتلۇق پەرھىز ئىدىسى ئەر تۇرۇر. ئەمما بۇ كىتابىن كاشغەر ئېلىندە تۈكەل قىلىپ، مەشرىق مەلىكى تاۋغاچ بۇغراخان ئۆسكىگە كىگۈرمىش تۇرۇر. مەلىك بۇغراخان ئانى ئاغىرلاپ، ئۇلۇغلاپ، ئۆز خاس ھا - جىپلىقىنى ئاڭا بەرۇ يارلىقامىش تۇرۇر ئانىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ، ئۇلۇغ خاس ھاجىب تەپ ئاتى، چاۋى ئاجۇندا يايىلمىش تۇرۇر.»

ۋەھالەنكى بۇ ئەسلى تېكىست بىلەن يەشمىنى سېلىشتۇرغاندا، بەزى پەرقلەر سېزىلىدۇ. بۇ پەرقلەرگە ئاساسەن يەشكەندە مۇنداق:

بۇ كىتابنى يازغۇچى بالاساغۇنلۇق پەرھىز ئىگىسى ئەر. ئەمما بۇ كىتابنى قەشقەر ئېلىدە يېزىپ پۈتكۈزۈپ، شەرق دۆلىتى بولغان تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئۈستىگە كەيگۈزگەن (دىققەت: ئۈسكىگە كىيگۈرمىش تۇرۇر دېگەن سۆز مۇقەددىمىدىكى يەشمىدە ھوزۇرىغا سۇنغانىدۇ، دەپ تەرجىمە قىلىنغان). بۇنداق دېگەندىن كۆرە ئۈستىگە كىيگۈزگەن دېگەن سۆز ئېنىق (بۇ سۆزدىن «قۇتادغۇبىلىك» پادىشاھلىق تاجى ۋە تون دەۋۋاجى رولىنى ئالغان مەنا چىقىدۇ). بۇغراخان ئۆزىنى مۇنداق ئاتاشنى (خاس ھاجىپ دەپ ئاتاشنى) قەدىرلەپ ۋە ئۇلۇغلۇق ھېسابلاپ، ئۆزىنى خاس، ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نامى بىلەن ئاتاش پەرمانىنى تارقاتقان. (يارلىغامىش دېگەن سۆز پەرمان تارقاتقان دې-
گەنلىك بولىدۇ.) شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىب دېگەن ئات چاۋى (ئىچ باغرى
خاراكتېرى) دۇنياغا تارالغان.

بۇ ئەسەرى مۇقەددىمىسى يازغۇچى ئۆزىدىن بۇرۇنقى نەزمە مۇقەددىمىسى يازغۇچە-
نىڭ قاراشلىرىغا ئاساسلانغان. نەزمى مۇقەددىمىسى تەكشۈرگىنىمىزدە پىكىر تېخىمۇ رو-
شەنلەشىدۇ:

19- بېيىت ئەسلى:

بۇ مەشرىق ئېلىندە قاموغ تۈركىيۇ - چىن
مۇنى تەك كىتاب يوق ئاجۇندا ئادىن

بۇ ئەسلى بېيىتنى تەكشۈرگەندە، بارلىق تۈرك، چىن، شەرق ئەللىرىدە بۇنداق كى-
تاب يوق. بۇنداق كىتاب دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

23- بېيىت ئەسلى:

بۇ بۇغراخان ۋاقتى ئىچرە ئانى
يەنە خان تىلىنچە بۇ ئايمىش مۇنى.

بۇ ئەسلى بېيىت بىزگە بۇ بۇغراخان ۋاقتىدا خان (پادىشاھ) تىلى بويىچە يېزىلغان
(سۆزلەنگەن) دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

24- بېيىت ئەسلى:

مۇنى تەك كىتابنى كىم ئەيمىش ئوزا
كەدىن مە كىم ئايغاي مۇنۇ تەك ئوزا

بۇ ئەسلى بېيىت بىزگە بۇنداق كىتابنى بۇرۇن كىم يازغان، كېيىن كىم مۇنداق
چىرايلىق يازالايدۇ، يەنى شاھ كىتابنىشاھ يازمىسا ئادەتتىكى كىشى مۇنداق يازالامدۇ؟
دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

25- بېيىت ئەسلى:

كىم ئەرسە مۇنى تەق ئېتەرمۇ قەنى
ئەتگىلى بار ئەرسە ئەگەر مەن ئانى

26 - بېيىت ئەسلى:

قايۇ كەنت، ئولۇس، ئوردو، قارشى يەردە
كىتابقا ئانىن ئاتى ئاتامىشلارا

بۇ ئىككى بېيىت ئەسلى بىر - بىرىگە باغلانغان بولۇپ، بىزگە، كىم بۇنداق يازالاي-
دۇ. ئەگەر مۇنداق يازغۇچى بولغان بولسا، مەيلى قايسى شەھەردىن، قايسى قەبىلىدىن،
قايسى ئوردىدىن بولمىسۇن، قارشى تەرەپتىكىلەردىن بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىسمىنى بۇ كىتابتا
يازغان بولاتتىم، دېگەن مەنا چىقىدۇ.

32- بېيىت ئەسلى:

يەنە بۇ كىتابقا ئات ئەيمىش ئۇلۇغ
بايان يارلىقاسىن ئۇل ئەزگۈ قۇلۇغ

بۇ ئەسلى بېيىت بىزگە، "بۇ كىتابقا ئۆلۈغ ئىسىم قويۇلغان، بۇنداق ئىسىم قويۇش ئاللانىڭ ئىرادىسى (ئەمرى) بىلەن بولغان بولۇپ، ئاپتور ياخشى قۇللۇقنى (بەندىلىكنى) ئىپادە قىلىشنى مەقسەت قىلغان، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

34 ـ بېيىت ئەسلى:

يەمە بۇ كىتاب كۆر قامۇغقا يارار

مەلىكلەرگە ئارتۇق ئەلىك كەنت تۇتار.

بۇ ئەسلى بېيىت بىزگە، قارا، بۇ كىتاب بارلىق تەرەپلەرگە يارايدۇ. بولۇپمۇ دۆلەتكە يارايدۇ، پادىشاھلارنىڭشەھەر باشقۇرۇشىغا يارايدۇ، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

بولۇپمۇ بۇ نەزمە مۇقەددىمىنى يازغۇچىنىڭ يۈسۈپ ھەققىدە توختالغانلىرى تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

56 ـ بېيىت ئەسلى:

بۇ تۈنلۈك مە ھۆرمەت بوزوھىدلىغ ئۆزە

ساقىنوق، بىلىكلىك، ئارىغلىق ئۆزا

بۇ ئەسلى بېيىت بىزگە، ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن پۈتۈنلۈك (كامالەت) ھۆرمەت تۇغۇلۇشىدىن زۆھۆر قىلىنغان. يەنى ئەسلى ئۇرۇق ئىچىدە مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىلىمدىن، پاكىزلىكتىن ساقىپ (سوزۇلۇپ) چىرايلىق يارالغان دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

58 ـ بېيىت ئەسلى:

بۇ تۇغمىش ئېلىندىن چىقىپ بارغانى

كىتابىن قوشۇپان تۆكەل قىلغالى

59 ـ بېيىت ئەسلى:

باروسىن بىتىمىش، يەتۈرمىش نىزام

بۇ كاشغەر ئېلىندە قوشۇلمىش تامام

بۇ ئىككى ئەسلى بېيىت بىزگە، ئۇنىڭ (يۈسۈپنىڭ) تۇغۇلغان ئېلىدىن چىقىپ كېتىشى، يەنى كىتابىغا قوشۇلۇپ كامالەت تېپىش تەقدىرى بارلىق تەرەپلەرنى يازماق، قانۇن نۇرىنى يەتكۈزمەك ئىدى. بۇ بۇرچى ھەقىقەتتە ئورۇندالغان دېگەن شەكلى مەنادىن باشقا ئۇنىڭ تەقدىرى كىتابىغا باغلانغان. بۇ تەقدىر ئۇنى يۇرتىدىن ئايرىغان. كىتابىنى پۈتۈش ئۈچۈن ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى كۆرسەتكەن ھەر خىل كويلارغا، ئويلارغا، يوللارغا تاشلىغان. كامالەتكە تولغاندا، ئاندىن ھەقىقەتتە ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيە قوشۇلۇپ تامام بولغان، دېگەن ئىچكى مەنانى بىلدۈرىدۇ.

54 ـ بېيىت ئەسلى:

باقا كۆر كىتابنى بۇتۇرگەن كىشى

ھۈنەرلىك ئەر ئەرمىش، كىشلەر بېشى

بۇ ئەسلى بېيىت بىزگە قاراپ كۆرگىنكى بۇ كىتابنى يازغان كىشى ھەم ھۈنەرلىك سەنئەتكار ھەم ئادەملەرنىڭ باشلىقى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

57 ـ بېيىت ئەسلى:

www.uyghurkitap.com

بۇ تەڭگى تۇرۇغلاغ قوز ئوردو ئېلى
تۈپ ئەسلى نەسەپتىن يورۇمىش تىلى

بۇ ئەسلى بېيىت بىزگە، بۇ كىشىنىڭ يۇرتى قوز ئوردو (بالاساغۇن) بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى تۈپ ئەسلى نەسەپنى پادىشاھ ئەجدادلىرىنىڭ، ھۆكۈمران قەبىلىنىڭ تىلىنى يورۇتقۇچى تىل ئىدى، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

60- بېيىت ئەسلى:

مەلىكىنىڭ ئۈكۈندە ئوقۇمىش مۇنى
بۇ تاۋغاچ قارا بۇغراخانلار خېنى

61- بېيىت ئەسلى:

ئاغىرلامىش ئارتۇق ئۆكۈش خىلئەتى
قەلەمنىڭ ھەققى تەپ ئۆكۈش ھۆرمەتى

بۇ ئىككى ئەسلى بېيىت بىزگە، بۇ تاۋغاچ قارا بۇغراخانلار خېنى دۆلەت تەختىدە كىتابنى ئوقۇپ ئېلان قىلغان. ئەقىل - بىلىم تونىنى شاھلىق تونىدىن ئەتىۋا بىلىپ يەنى ھوقۇق، ئەقىل مۇناسىۋىتىدە يېزىقچىلىقنى (مەنىۋى ئەمگەكنى)، ئەقىل - ھۆرمىتىنى ئارتۇق كۆرگەن، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

62- بېيىت ئەسلى:

بۇ خاس ھاجىب ئاتى تەگۈرمىش مۇڭا
مۇنى ئۆزىگە ياغۇرمىش يانا

63- بېيىت ئەسلى:

بۇ مەنى ئۈچۈن كۆر ئاغىرلار ئۇنى
يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەپ ئايۇرلار كەنى

بۇ ئىككى ئەسلى بېيىت بىزگە خاس ھاجىپلىق دېگەن ئات مۇشۇنداق سەۋەب بىلەن قوللىنىلغان. مۇنداق ئاتىلىشنى ئۆزىمۇ ياقتۇرغان، قارا، مانا مۇشۇنداق مەنا تۈپەيلى يۇسۇپ خاس ھاجىپ دېگەن ئاتاق ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىسىنى ئىشلەش جەريانىدا نەزمى مۇقەددىمىنىڭ يۇسۇپ تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى كېيىن ساقلىغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىنمىغان، شۇنداقلا بەزى مۇھىم خاراكتېرلىك ئاتالغۇ - ئۇقۇملارنىڭ تەرجىمىسىدە كەتكەن ئازراق ئۇقۇشماسلىق ئاپتورنى ئېنىقلاشتا چۈشەنچە جەھەتتىكى توسقۇنلۇق ھاسىل قىلغان. مەسىلەن: زوھىر سۆزى زاھىت دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن يۇسۇپ زاھىت ئىدى، دېگەن تەسىر تارقالغان. بۇنداق مەسىلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىلدى. دېمەك، بولۇپمۇ نەزمى مۇقەددىمىنى ئىنچىكە تەكشۈرگەندە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسلى پادىشاھ ئىكەنلىكى، يۇسۇپ ئەقىل - بىلىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئالىملىقنى پادىشاھلىقتىن ئۇلۇغ كۆرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتا شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بۇرۇنقى نۇسخىلىرى چېچى-



AltunOq

لىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن رەتلەنگەنلىرى ئاساسەن تۈركىيە، ئۆزبېكىستاندا رەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، تىلى ئوغۇز، قىپچاق تىللىرىغا كۆندۈرۈلگەن بولۇپ، تىل يىلتىزلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندە، يەنىلا قەشقەرنىڭ يەرلىك تىلىغا ئۇيغۇن لېكسىكىلىق ئامىللار خېلى نۇرغۇن.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دىكى پادىشاھلىق ئىزلىرىنى كۆرسەتكۈچى يىپ ئۇچلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە

يۈسۈپنىڭ ئۆز كىتابى «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت «پەرزەنتى» دىكى ئىزلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، كىتابنىڭ مەزمۇنىنى بىۋاستە ھېسسىيات ۋە ۋاستىلىق ھېسسىيات دەپ ئىككى تەرەپكە ئايرىپ تەكشۈرۈش ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر. بىۋاستە ھېسسىياتتا، كىتابنىڭ ئەسلى مەزمۇنىدىكى 1 - باب تەڭرىگە مەدھىيىدىن 12 - بابقىچە، يەنى كۈنتۇغدى ھەققىدىكى سۆز بېشىغا قەدەر (1-، 398-بېيىتقا قەدەر) ۋە كىتابنىڭ خاتىمە قىسمىدىكى 6426 - بېيىتتىن 6645 - بېيىتقىچە بولغان ياشلىق سېغىنىشلىرى، قېرىلىق ئېچىنىشلىرى، زاماندىن رەنجىشلىرى، ئاقىۋەتتىن ئەندىشىلىرى قاتارلىق بايانلار مەنسۇپ. ۋاستىلىق ھېسسىياتتا 12 - بابتىكى كۈنتۇغدى ھەققىدىكى سۆز بېشىدىن باشلاپ، تۆت پېرسوناژ مۇناسىۋەتلىرى بايان قىلىنغان (398-، 6425-بېيىتقىچە) جەرياندىكى مەزمۇنلار مەنسۇپ.

ئەمدى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىۋاستە ھېسسىيات قىسىملىرىدىن ئاپتورنىڭ پادىشاھلىق خاراكتېرىنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان مەزمۇنلارنى كۆرۈپ باقايلى:

1 . تەڭرىگە مەدھىيە بابىدا: يۈسۈپ ئاللانىڭ سۈپەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىلىرىدە، ئاللانىڭ مەۋھۇمىيەت، ئالەمنىڭ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىگە، يەنى ياراتقۇچىنىڭ يوشۇرۇنلىقى، يارالغۇچىنىڭ ئاشكارىلىقى قاتارلىق تەرەپكە، مۇنەججىملىك چۈشەنچىسى بويىچە ئاللانىڭ ئەبەدىي، چەكسىز ماددىسىز بوشلۇق ئىكەنلىكىگە، ئالەمنىڭ ماددىلىقى ئەنە شۇ بوشلۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىگە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنداق چۈشەنچە دەل يۈسۈپنىڭ ۋەكالى پادىشاھنى تەختتە ئالدىغا چىقىرىپ، ئۆزى ھاجىپلىق ئورنىدا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ دۆلەت، جەمئىيەتنى تىزگىنلەش ئۇسۇلىنى بەلگىلىگەن.

2 . پەيغەمبەرگە مەدھىيە بابىدا: يۈسۈپ، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىگە ئۇممەت (ۋەتەن) ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان روھىغا ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن: مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەنئەنىۋى تۈزۈم ئېتىبارى بىلەن ئۇلۇغ پادىشاھ بولمىسىمۇ، ئەمما ئادىمىزات ئازادلىقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ تېخى زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىدىن ئايرىلماسلىق ئۈچۈن، تۆۋەن دەرىجىلىك، بولۇپمۇ مۈلۈكسىزلىكنى ئىپادە قىلغۇچى دەرۋىشلىك تۇرمۇش ئۆلچىمى بىلەن ياشىغانلىقىغا، شۇ ئارقىلىق مەنىۋى دۇنيادىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ يۈسۈپنىڭ پادىشاھلىقتىن ئالىملىقنى تاللاپ ئالغانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3 . چاردىيا مەدھىيىسى بابىدا: يۈسۈپ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تۇتۇش ۋە يۈرگۈزۈشتە تۆت يارىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مۇقەددەس بىلىش كاتېگورىيىسى بولغان شەرىئەت، تەرىقەت، پەزىلەت، ھەقىقەت مەنتىقىسى بويىچە مۇئامىلە قىلغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تۆت چاردىيانى ئۇلۇغ تۆت تادو بىلەن ئوخشىتىپ، ئۆزى ياراتماقچى بولغان تۆت پىرسوناژ، ئادالەت، سائادەت، پاراسەت، قانائەت سىمۋولى قىلىش ئاساسىنى ياراتقان.

4. باھار ۋە بۇغراخان مەدھىيىسى بابىدا: يۈسۈپ 63 ـ بېيىتتىن 80 ـ بېيىتقىچە تەبىئەت گۈزەللىكلىرىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ 81 ـ، 82 ـ بېيىتلاردا پەردە ئاچىدۇ ۋە «جاھان بىردەم ئۆزدىگە، بىردەم خاقانغا سۆيۈنۈپ تۇرۇپ»، «ئى خاقان، مۇشۇنداق گۈزەل جاھان، سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ ئەكسى ئەمەسمۇ» دەپ 83 ـ بېيىتتىن 123 ـ بېيىتقىچە جاھاننى خاقانغا سۆزلىتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق تەسەۋۋۇر چىقىدۇكى، يۈسۈپ يۈكسەكلىكتىن تاغ ـ ۋادىلارغا نەزەر سالىدۇ. تاشقى تەبىئەت بىلەن ئىچكى تەبىئەت ئارىلىشىپ، ئالمىشىپ كېتىدۇ، قەلب پىچىرلايدۇ، ئەمما بۇنداق پىچىرلاشنىڭ دولقۇنلىرى جاھاندىن قەلبكە كىرىپ، يەنە قەلبتىن جاھانغا تارقىلىدۇ. بۇنداق مىتود «قۇرئان» مىتودى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتلىك بېيىتلار تۆۋەندىكىچە :

112 ـ بېيىت ئەسلى:

تالۇنەڭ تانۇق تۇتتى مىڭ ـ مىڭ ئىلىك،
مۇنى قىل تانۇقى قۇتادغۇبىلىك.

113 ـ بېيىت ئەسلى:

ئۇلارنىڭ تانۇقى كېلەر ھەم بارىر،
مەنىڭ بۇ تانۇق دولدى تا مەڭگۇ قالىر.

بۇ ئىككى بېيىت ئەسلى بىزگە مىڭلىغان پادىشاھلار ئۆزىنى تونۇتۇشنىڭ (تارىختا ئىز قويۇپ ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ) نۇرغۇن يوللىرىنى تۇتتى. سەن «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆزۈڭنى تونۇتۇشنىڭ ۋاسىتىسى قىلغىل. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇتۇش يوللىرى كېلىپ كېتىدۇ. ئەمما، سېنىڭ بۇنداق تونۇتقۇنۇڭ مەڭگۈلۈك بولۇپ قالىدۇ دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

115 ـ بېيىت ئەسلى:

كىتابقا بېتىندى بۇ خاقان ئېتى،
بۇ ئات مەڭگۈ قالدى ئەي تەركەن قۇتى.

121 ـ بېيىت ئەسلى:

تىرىلسۇن تەركەن قۇتى مىڭ قۇتىن،
يانىسۇن كۆرمەز قاراقى ئوتۇن.

بۇ ئەسلى ئىككى بېيىت بىزگە: ئەي بەخت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى خاقان، ئېتىڭ كىتابقا يېزىلدى. بۇ ئات كىتاب بىلەن مەڭگۈ قالىدۇ (ناھايىتى ئېنىقكى كىتابتا يۈسۈپ دېگەن تارىخىي شەخس ئېتىدىن باشقا تارىخىي شەخس ئېتى يوق). سەن چاچقان بەخت ئۇ-

رۇقلىرى مىلىك ـ مىلىك بەخت بولۇپ چېچىلىپ كۆكلىسۇن . كۆرەلمەسلەرنىڭ كۆز قارىقى كۆيگەن ئوتتۇندەك يالقۇنلاپ كۆيۈپ كەتسۇن دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

5. يۇلتۇزلار مەدھىيىسى بابىدا : يۇسۇپ بولۇپمۇ يەتتە يۇلتۇزغا خاراكتېر بەرگەندە ھەرخىل تەبىئەتلىك ئادەم مىجەزىنى بەرگەن. مەسىلەن: ئاپتور ئۆزىنى ( كۈنتۇغدىنى ) ئوڭاي يۇلتۇزىغا تەقلىت قىلغان ( بۇنداق مىساللار كۆپ) . ئوڭاي يۇلتۇزى سەكەنتودىن كېيىن تۇرىدىغان يۇلتۇز بولۇپ ، بۇنداق تەرتىپ، ئوبېيېكتىپ رەۋىشتە قاراخانىلار تارىخىدىكى تۇنجى ئىسلام ئاچقان ساتۇق بۇغراخان بىلەن قايتا گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتقان يۇسۇپ قادىرخان مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

6. ئاپتورنىڭ خېچىللىقى توغرىسىدا توختالغان بابتا يۇسۇپ : ئەسلى تىلىكىم بىلىملىك بەگلەرگە ۋە كېيىن كەلگۈچىلەرگە ئۆزۈم سۆزلەۋاتقاندەك تەسىر قالدۇرۇش ئىدى. ئەل بېگى نېمە دەيدۇ ئاڭلا ، ئەلنى بىلىم ئارقىلىق تۇتقىلى بولىدۇ. ھەقىقىي پادىشاھلىق بىلىمدۇر. ھەقىقىي پادىشاھ ئەقىلدۇر. ئەقىل بەدەننى قانداق باشقۇرسا ، ئەقىللىق پادىشاھ ۋەتەننى شۇنداق باشقۇرىدۇ، دەيدۇ.

7. ياخشىلىق مەدھىيىسى بابىدا يۇسۇپ بەگلەرگە خىتاب قىلىپ ، ئالىم پادىشاھلارلا جەمئىيەت، ئادەم بېشى، ياخشىلىق مەيلى ئىشەنچىسى قولغا كەلتۈرۈشتە بولمىسۇن، مەيلى ئەلنى قايىل قىلىپ ، رازى قىلىپ باشقۇرۇشتا بولمىسۇن، پەزىلەتلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق كىشى دۆلەتنى مۇلايىملىق بىلەن سىناپ قولغا ئالىدۇ. خەلقنى مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ ئۆزىگە رام قىلىدۇ. بۇنداق ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ھەم ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ ھەم دۆلەتنى قۇۋۋەتلىك قىلىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

8. كىتابنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى ئىپادە قىلغان بابتا، يۇسۇپ: بۇكىتابنى ئىككى دۇنيانى تۇتۇش ئۈچۈن، قىيامەتتە مۇھەممەتنىڭ قولىنى دوستلارغا تۇتۇپ بىللە قوپۇش ئۈچۈن يازدىم. بۇ كىتابنى ئوقىغانلارمۇ ئىككى دۇنيانى تۇتىدىغان بولسۇن دەيمەن دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن.

كىتابنىڭ خاتىمە قىسمىدىكى بىۋاسىتە ھېسسىيات تېخىمۇ خاراكتېرلىك بولۇپ، بۇلار يۇسۇپنىڭ شاھانە تەلەپپۇزىنى، خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەن. بەزى كىشىلەر قارىغاندەك، يۇسۇپ پادىشاھ بولماي، بەلكى كىتابى ئارقىلىق ئۇنۋان ياكى مەنسەپ تاما قىلغان ئالىم ياكى زاھىت بولغان بولسا جەمئىيەتتىن، دوستلاردىن، ئادەملەردىن بولغان نارازىلىقلىرىنىڭ تىغ ئۇچى ئاخىرى جەمئىيەت جاۋابكارلىقىنىڭ بېشى بولغان پادىشاھقا تاقىلىپ، پادىشاھنىڭ غەزىپى قوزغىلىشتىن ئەنسىرەپ دىدىل پىكىرلىرىنى يازالمىغان بولاتتى. بولۇپمۇ 6531 ـ، 6605 ـ بېيىتلاردىكى نەچچە قۇشنى ئوۋلىدىم، ئۇچار قۇشتەك ئاتلارنى چاپتۇردۇم، دوستلىرىمغا جاندەك بولۇپ، دۈشمەنلىرىمنى قاخشاتتىم. نۇرغۇن كىشىلەرنى قاخشاتتىم، گۇناھسىزلارغا قول، تىل ئۇزاتتىم، قۇترىغان بۆرىدەك جاھاننى ئىڭراتتىم. كىسرا، قەيسەر، شەددات، ئادەتەك بولۇشنى خىيال قىلدىم. ئىسكەندەردەك جاھان ئېلىشنى، نوھتەك ئۇزۇن ياشاشنى، رۇستەمدەك بولۇشنى، ئەيسادەك ئاسمانغا چىقىشنى خىيال قىلدىم. لېكىن بۇلاردىن نېمە پايدا. ئەگەر كىمىكى ماڭا ۋاپا قىلسا شۇنى ئالتۇن

www.uyghurkitap.com

كۆمۈشكە غەرق قىلىمەن. ئالىمنى ئۆستۈرۈپ، جاھىلنى سۈرىمەن دېگەن مەزمۇنلار ۋە ئەڭ ئاخىرىدىكى قۇلاقنى ئەت، كۆزۈڭنى يۇم. ئىككى دۇنيادا تۆردە ئولتۇرىدىغان بولغىن، دېگەن پىكىرلەر يۈسۈپنىڭ شاھلىق خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

بىز ئەمدى ئىككىنچى قەدەمدە «قۇتادغۇبىلىك»دىكى ۋاستىلىق ھېسسىيات دەپ قارالغان تۆت پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بىرلىكىدىن تۈزۈلگەن مەنىۋى قۇرۇلمىغا كېلەيلى.

ئالدى بىلەن شۇنى تەكىتلەش كېرەككى «قۇتادغۇبىلىك»زامان، ماكاننىڭ تەسىرى ۋە بۇ تەسىرلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرى جەريانىدىكى ھازىر جاۋاب خاتىرىلەنگەن ھېسسى ئىلھاملارنىڭ ئىزلىرى ئەمەس، بەلكى، ئۇزۇن ئەمەلىيەت، سەرگۈزەشت خىلمۇ خىل، كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات تەكرارلىنىشلىرى ئارقىلىق ئۆمۈر بويى توپلانغان بىلىم ۋە شۇ بىلىم ئارقىلىق قۇرۇلغان بەدەن، ۋەتەن قۇرۇلمىسىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا كىتابتىكى تۆت پېرسوناژ، تۆت خىل ئادەم خاراكتېرى بولۇپلا قالماي، بەلكى تۆت خىل دۇنيا قاراش كاتېگورىيىسى ۋە بىلىشتىكى تۆت خىل مەنتىقىدىن ئىبارەت.

ئىسلام روھانىلىرىغا مەلۇمكى، مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان» نى باشتىن ئاخىرىغا ئوقۇش بىر خىل ئۈنۈم بەرسە، ئاخىرىدىن باشقا قاراپ ئوقۇش يەنە بىر خىل ئۈنۈم بېرىدۇ. بۇنداق مېتود پەرقى (سۈننى — سۈننىي، شىئىي — شەيئى) قاتارلىق ئىسلام مەزھەپلىرىدىكى قاراشلار پەرقىنىڭ تۈپ سەۋەبىدۇر. نېمە ئۈچۈن ئاز دېگەندە 20 ياكى 40 يىللىق ھاياتىنىڭ ئىزى بولغان كىتاب ئاپتورىنىڭ بىلىش ۋە مىجەزىنىڭ مەھسۇلىدۇر. مەلۇمكى، ئادەم ھامان ياشلىقتىن قېرىلىققا، ھاياتتىن ماماتقا قاراپ ماڭىدۇ. ئۆمۈر جەريانىدىكى بۇنداق قانۇنىيەت ئەسەر مەزمۇنىدا ئوبيېكتىپ رەۋىشتە ئىز قويىدۇ. شۇڭا كىتابنى باشتىن-ئاخىرىغا ئوقۇغان كىشى ياشلىق ھېسلىرىدىن قېرىلىق ھېسلىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئەكسىچە ئاخىرىدىن بېشىغا قاراپ ئوقۇغان كىشى ھېسسىيات جەھەتتە قېرىلىق ھېسلىرىدىن ياشلىق ھېسلىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ئوقۇش ئۇسۇلىدا ئۇقۇم ۋە تەپەككۇرنىڭ فىزىكىلىق، پسىخىكىلىق قانۇنىيىتى ئادەم مېڭىسىدە، بەدىنىدە ئوبيېكتىپ رول ئوينايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇغان كىتابخانمۇ بۇنداق مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. يەنى باشتىن-ئاخىرىغا قاراپ ئوقۇغاندا كىتابخان ھېسسىياتى ئىستېتىك تۇيغۇلاردىن ئالەم قۇرۇلمىسى، يۇلتۇزلار مۇناسىۋىتى، گۈزەل باھار، بۇغراخان مەدھىيىسى بابىدىكى ئەركىن تۇيغۇلاردىن تەدرىجى ھالدا ئىستېتىك تۇيغۇلارغا، زامان بۇزۇلغانلىقى، قېرىلىق ئەندىشىلىرى، ۋاپاسىزلىقتىن رەنجىشلەر قاتارلىق غەمكىن تۇيغۇلارغا تەرەققىي قىلىدۇ.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» نى باشتىن ـ ئاخىرىغا ئوقۇپ قارىساق، بىر ئادەم قۇياشتىن تۇپراققا چۈشكەندەك، كۈنتۇغدى ئودغۇرمىشقا ئۆزگەرگەندەك بولىدۇ. بۇنداق سىستېمىدىكى تەشەببۇسلار ئادەمنى مۇلايىم، قېرى مىجەز قىلغاندەك سېزىلىدۇ. بۇنىڭ سىرىنى بىلمىگەن ۋە ھازىرقى دۇنيادىكى ئەمەلىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ياۋايىلىق، يىرتقۇچلۇق غالىب بولۇپ كېلىۋاتقان ھادىسىلەرگە ئەنسىنگۈچى ئادەم بۇنداق تەشەببۇسنى قوبۇل قىل-

مايدۇ ياكى «قۇتادغۇبىلىك» نى ياقتۇرمايدۇ ۋە ياكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ خەلقنى يا-
ۋاش قىلىپ باشقۇرۇش قورالى ئىكەنغۇ؟ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: «قۇتادغۇبىلىك» دىكى
تۆت پېرسوناژنىڭ باشتىن - ئاخىرىغا بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ باقايلى:

1) كۈنتۇغدى قېرىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر ياش ۋەكىلنى خالايدۇ.
بۇ خۇددى تەپەككۇرى ئاجىزلاشقان مېڭە، ئاجىزلىقتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدىغان بى-
لىمگە مۇھتاج بولغانغا ئوخشايدۇ.

2) قېرى كۈنتۇغدى بىلەن ياش ئايتولدى ئۇچرىشىدۇ ۋە ياش ئايتولدى كۈنتۇغدى-
نىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرىدۇ. بۇ خۇددى مېڭىدىكى
تەپەككۇر ئاجىزلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆكرەكتىكى نەپەس ۋە ۋەزنى بىلىملىرى ئۇ-
نۇم بەرگەنگە ئوخشايدۇ.

3) ئايتولدى قېرىپ ئۆلۈش ئالدىدا ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلىپ كۈنتۇغدى-
نىڭ خىزمىتىگە تاپشۇرىدۇ. بۇ خۇددى كۆكرەكتىكى نەپەس ۋەزنى قورساقتا بېسىم چۈشۈ-
رۈپ ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاپ، مېڭىنى قۇۋۋەت بىلەن تەمىنلەپ، قورساقتىكى ھەزىم قا-
نۇنىنى مېڭىدىكى تەپەككۇر قانۇنى بىلەن باغلىغانغا ئوخشايدۇ.

4) مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ھوزۇرىغا كېلىدۇ. ئۇلار دۆلەت
ئاپپاراتى ۋە ئۇ ئاپپاراتتىكى خادىملارنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىپ بىرلىككە
كېلىدۇ. بۇ خۇددى قورساقتىكى ھەزىم قىلىشنىڭ ياخشىلىنىشى مېڭىدىكى تەپەككۇرنىڭ مە-
نىۋى ھەزىم قىلىش كۈچىنى كۈچەيتكەنگە ئوخشايدۇ.

5) ئۆگدۈلمىش ئەل ئارىلاپ يۈرۈپ ئودغۇرمىشتىن خەۋەر تېپىپ كۈنتۇغدىغا خەۋەر
قىلىدۇ. كۈنتۇغدى ئودغۇرمىش بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ بىر نەچچە قېتىم خەت يېزىپ
ۋە ئۆگدۈلمىشنى ئەلچى قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسى-
دا جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قەۋەتلىرى ۋە ھەر خىل كىشىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتلە-
شىش توغرىسىدا مۇنازىرىلەر بولىدۇ ۋە ئاخىرى ئودغۇرمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئۇچرىشى-
دۇ. بۇ خۇددى مېڭىنىڭ باشقۇرۇش كۈچى تۆۋەنگە، يەنى پۇت تەرەپكە يەتكەندە پۈتۈن بە-
دەن بىلەن مېڭىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېلېكترون ھېسابلىغۇچ بىلەن ئورگاننىڭ دىۋىگاتىل بىر-
لىك دەرىجىسىگە يەتكەنگە ئوخشايدۇ.

6) ئودغۇرمىش ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ھاسىسى كۈنتۇغدىغا، ئېيۇرىقى ئۆگدۈلمىشكە
يادىكار بولۇپ قالىدۇ ۋە ئاخىرى كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىش قالىدۇ. يەنى كۈن-
تۇغدىدەك بىر پادىشاھ ئودغۇرمىشتەك زاھىت قاراشلىرىغا ئەسىر بولىدۇ. بۇ
خۇددى بەدەن ساغلاملىقى تەپەككۇر (مېڭە) ساغلاملىقىنىڭ ئاساسى بولغىنىغا
ئوخشايدۇ.

ئەمدى، بىز «قۇتادغۇبىلىك» نى ئاخىرىدىن باشقا قاراپ ئوقۇپ تەكشۈرۈپ باقاي-
لى، بۇنداق قاراش نېمە ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك؟

كىتابنى كۆرگەنلەرگە مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خاتىمىسى ئىستېتىك چۈ-
شەنچىلەر بىلەن، يەنى زاماندىن، قېرىلىقتىن، ئاجىزلىقتىن، بىچارىلىقتىن رەنجىش



AltunOq

ۋە ئەندىش تۇيغۇلىرى بىلەن تولغان. ھەممىگە مەلۇمكى ئادەم قېرىسا ياكى كېسەل بولۇپ ئاجىزلىسا زاماننىڭ، ماكاننىڭ تەسىرى زەھەرلىك نەشتەردەك سانجىلىدۇ. ھەركىم بۇنداق ئاجىزلىق، بىچارىلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ھاياتنىڭ تەتۈر تاناسىپلىق قانۇنىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئاساسەن، كىتابنى ئاخىرىدىن باشقا قاراپ ئوقۇغاندا داۋالىنىش ئاساسلىرى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

① كىتابنىڭ ئاخىرىدا قېرى كۈنتۇغدى بىلەن ياش ئۆگدۈلمىش قالغان بولۇپ، بۇ بىزگە ئەدىل (قانۇن) بىلەن ئەقىل (بىلىم) بىرلىكىنى ھەل قىلىش، يەنى ئادالەت (شەرىئەت) بىلەن پاراسەت (پەزىلەت) بىرلىكىنى ھەل قىلىش كۈندىكى مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن زۆرۈر دېگەنلىك بولىدۇ ۋە بۇ خۇددى مېڭىدىكى تەپەككۇرنىڭ مەنىسۋى ھەزىم قىلىش كۈچى بىلەن قورساقتىكى ماددىي ئوزۇقلۇقنى ھەزىم قىلىش كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم بولغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاندىن بۇنى قانداق ھەل قىلىش لازىم دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

② ئاندىن كېيىن كۈنتۇغدى بىلەن ئۇدغۇرمىشنىڭ سۆھبەتلىرىگە دۇچ كېلىمىز. بۇ ئەدىل (ئادالەت، قانۇن، شەرىئەت) بىلەن ۋەسىلىنى (قانائەتنى، ھەسسىياتنى، ھەقىقەتنى) بىرلەشتۈرۈش لازىم دېگەن چۈشەنچىنى، يەنى جەمئىيەت قانۇنلىرى بىلەن بەدەن قانۇنلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ماسلاشتۇرۇش لازىم دېگەن قاراشنى بېرىدۇ. ئاندىن بۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

③ ئاندىن كېيىن ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇدغۇرمىشنىڭ سۆھبەتلىرىگە دۇچ كېلىمىز. بۇ ئەقىل (پاراسەت، بىلىم، پەزىلەت) بىلەن ۋەسىلىنى (قانائەت، سېزىم، ھەقىقەت) بىرلىكىنى ھەل قىلىش دېگەن چۈشەنچىنى، يەنى جەمئىيەتنىڭ، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل ھاياتلىق قەۋەتلىرىگە ماسلىشىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئاندىن ھايات توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ دېگەن قاراشنى بېرىدۇ. بۇ خۇددى قورساقتىكى ھەزىم قىلىش كۈچى بىلەن بەدەندىكى ماددا ئايلىنىش زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاندىن بۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

④ ئاندىن كېيىن كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى ۋە خادىملىرى توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرىگە دۇچ كېلىمىز. مەلۇم مەنىدە، باش دۆلەتكە، بەدەن ۋەتەن (جەمئىيەت)گە ئوخشايدىكى ھايات تەلەپلىرىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بەدەن ئەقىل ساغلاملىقى زۆرۈر دېگەن چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خۇددى ئەقىل ساغلاملىقى ئۈچۈن بەدەندىكى رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىس ئەزالار مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىش لازىم دېگەن چۈشەنچىگە ئوخشايدۇ. ئاندىن بۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك دېگەن سوئال چىقىدۇ.

⑤ ئاندىن كېيىن ئۆگدۈلمىش بىلەن ئايتولدىنىڭ سۆھبەتلىرىگە دۇچ كېلىمىز، بۇ سۆھبەتلەردىن بىۋاپا، تۇراقسىز بەختتىن ۋاز كېچىشكە «ئۆلۈشكە» جۈرئەت قىلىپ، ئەقىل، بىلىم ئىزلەش لازىم ياكى رەسمىي ئۆلۈشتىن بۇرۇن، شەكلى «ئۆلۈش» رەسمە-

يەتلىرىنى بېجىرىش كېرەك دېگەن چۈشەنچە چىقىدۇ. بۇ خۇددى ھەر بىر نەپەس ئارد-لىقى ھايات، ھەر بىر نەپەسنىڭ چىقىشى «مامات» بولغىنىغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن بۇنى قانداق ھەل قىلىش لازىم دېگەن سوئال چىقىدۇ.

6) ئايتولدى بىلەن كۈنتۇغدى سۆھبەتلىرىدە، كۈن بىلەن تۈننىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئىشىق بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋەتلىرى، ھاكىملىق تەختىدە كۈندەك، بىلىم ئاسمىنىدا ئايدەك بولۇش لازىم دېگەن چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خۇددى مېڭىدىكى ئەقىل بىلەن كۆكرەكتىكى نەپەسنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئاخىرىدا ئەقىل بىلەن ھەۋەسنى باشقۇرۇش ئۈچۈن نەپەس قانۇنىدىن پايدىلىنىش كېرەك دېگەن يەكۈن چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۆزىمىزدە باھار تۇيغۇسىنى، مىجەزىمىزدە بۇغرادەك تەمكىنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

× ×

«قۇتادغۇبىلىك» دىكى تۆت پىرسۇناژ مۇناسىۋىتىنى بۇنداق ئايلاندۇرۇپ ۋە تانا-سىپلاپ قاتلاش ئۇسۇلىنى نېمە بەلگىلىگەن؟ بۇنى بىلىش ئۈچۈن بىز كاتېگورىيە ۋە مەنتىقە خاراكتېرىنى ئالغان تۆۋەندىكى ئۇقۇملار مۇناسىۋىتىدىن تۇيۇقسىمان رۇبائىي ياساپ باقايلى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۈن | ئاي | يۇلتۇزلۇق | بوشلۇق |
| ئادالەت | سائادەت | پاراسەت | قانائەت |
| شەرىئەت | تەرىقەت | پەزىلەت | ھەقىقەت |
| ئەدىل | بەخت | ئەقىل | ۋەسىل |
| ئوت | ھاۋا | سۇ | تۇپراق |
| باش | كۆكرەك | قورساق | تۆۋەن |

بۇ كاتېگورىيىنى (مەنتىقىنى) ئايلاندۇرساقمۇ، تاناسىپلىق قىلىپ قاتلىساقمۇ ئالەمنىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇناسىۋەتلەر بىرلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: باشقىسىنى قويۇپ، تۆتتادو، تۆت خىلىت مۇناسىۋىتى بويىچە قارىساق، مەلۇمكى بىرىنچى قەدەمدە ئوت (باش) يۇقىرىدا، ھاۋا، كۆكرەك، تۆۋەنىدە، سۇ (قورساق) تۆۋەنىدە، تۇپراق (تۆۋەن) تېخىمۇ تۆۋەنىدە. ئىككىنچى قەدەمدە تۇپراق ئارىسىدا سۇ بولىدۇ. سۇ ئاستىدا يەر قاتلىمىدىكى گازلار بولىدۇ، يەر مەركىزىدە ماگما (ئوت) بولىدۇ.

× ×

بىز مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلۇغ خەزىنە يوشۇرۇنغان ساندۇققا ئوخشايدىغان «قۇتادغۇبىلىك» نى ۋاستىلىق ۋە بىۋاستە ھېسسىيات ھەمدە تۆت كاتېگورىيە بويىچە ئالتە تەرەپتىن تەكشۈرسەك ئەسەرگە ئاپتورنىڭ بىلىمى، مىجەزى سىڭگەنلىكىنى، ئاپتور ھاياتىنىڭ ئەينىكى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

خوش، ئاپتورنىڭ ھاياتى زادى قانداق ھايات؟ ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى زادى قانداق؟ دېگەن مەسىلە ئۈچۈن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قانداق سەۋەبلەر تۈپەيلى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئۆزگەرگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ باقايلى:

## يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ سېلىشتۇرمىسى ھەققىدە

ئالايلۇق، «قۇتادغۇ بىلىك» ھىجرىيىنىڭ 462 ـ يىلى ياكى مىلادىنىڭ 1084 ـ يىلى 18 ئايدا يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن بولۇپ، كىتاب يېزىلغان چاغدا ئاپتورنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا كۆچۈرگەن ئوبيېكتىپ زامان، ماكان، ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى سوبيېكتىپ زامان، ماكانغا ئايلانغان 18 ئايدا يېزىلدى دېگەن مەسىلىدە سەككىز ئاي ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش دەپ قارىلىپ 10 ئاي مەخسۇس قەلەم تەۋرىتىلگەن دەپ قارالغاندا يېزىش جەريانىدا مېڭىسىدىكى مەنىۋى زامان، ماكان ئەكس ئەتكەندە ئۆتمۈشنىڭ بەدەن ۋە مېڭىدىكى ئىزلىرى بىر باسقۇچ بولۇپ، ھەربىر پىرسۇناژنى يازغان چاغدا قايتا ئەكس ئېتىپ تۇرغان.

دېمەك، بىز يۈسۈپخاس ھاجىپ بىلەن يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنى بىرلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تارىخىي ماتېرىياللىق تەتقىقات بىلەن تارىخىي ئەدەبىيلىق تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىن سېلىشتۇرۇشقا دۇچ كېلىۋاتىمىز.

× ×

① يولداش ھاجى نۇر ھاجى «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا: يۈسۈپ قادىرخان ھارۇنخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، 997 ـ يىلى ھارۇنخان سەمەرقەنتتە سەپەردىن قايتىش ۋاقتىدا ئۆلۈپ كېتىپ، يۈسۈپ قادىرخان 998 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغان. 1032 ـ يىلى ئۆلگەن دەپ يازغان.

② ئابدۇرېھىم سابىت نەشرگە تەييارلىغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دە موللا ھاجى يۈسۈپ قادىرخاننى ھەسەن بۇغرانىڭ ئوغلى دەپ يازغان. ئابدۇرېھىم سابىت نەشرلەش مۇقەددىمىسىدە يۈسۈپ قادىرخان 1032 ـ يىلى يەكەندە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن دەپ يازغان.

③ ئىبراھىم نىياز، ئابدۇرېھىم مەممەت يېڭىسار قىزىلدىكى ۋە شۇ رايوندىكى قاراخانىلارغا ئائىت يادىكارلىقلارنى تەكشۈرگەن ماتېرىياللىدا، 1013 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يۈسۈپ قادىرخان قىزىلدىكى كۆل، مەسچىتلەرنى سالدۇرغان، سەرۋازلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان، دەپ يازغان.

④ مۇھەممەت ئىمىن خۇدابەردى تەييارلىغان «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» دە يۈسۈپ 1050 ـ يىللىرى ئەتراپىدا خوتەندە بولغان. ئىماملىرىم مازارلىرىنى ياساتقان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مەن بۇنداق مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈۋېتىپ، قاراشلىرىمدا زىددىيەت ھاسىل بولدى. مەسىلەن: يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى 1084 ـ يىل يازغان تۇرسا، ماتېرىياللاردا يۈسۈپ قادىرخان 1032 ـ يىلى ئۆلگەن دېگەن تۇرسا، ھەتتا 1032 ـ يىل بىلەن 1084 ـ يىل ئارىلىقىدا 52 يىل پەرق تۇرسا، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانداق بىر ئادەم بولىدۇ دېگەن سوئال تۇغۇلدى. مەن بۇ سوئالنى دەۋر قى-

لىپ يولداشلار يازغان ماتېرىياللارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەزكىرىلەرنى قايتا تەكشۈرۈپ، يولداشلار يازغان ماتېرىياللاردا ھىجرىيە بىلەن مىلادى يىلنامىسىنى سېلىشتۇرۇشتا ئېغىر خاتالىق بارلىقىنى، بولۇپمۇ ئىسلامگەرى تەزكىرە يازغۇچىلارنىڭ پانتىزملىق مىتودىغا چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تەكرار تەتقىقات ئارقىلىق تۆۋەندىكى سىستېمىنى قىياس قىلىپ چىقتىم: يۈسۈپ قادىرخان ھاياتىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئۈچ ئەۋلاد تارىخىنى تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئەۋلاد ساتۇق بۇغراخان بىلەن قادىرخان ئوغۇلچاق ھەققىدە

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا قاراخانىلار سۇلالىسى قارلۇق، ياغما، چىگىل، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، بولۇپمۇ قەبىلە باشلىقلىرى ئارا قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدىكى خانلىق بولغاچقا كۆپىنچە ئىچكى ماجرا قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىدىكى زىددىيەتلەردىن كېلىپ چىققان. بۇغراخان دېگەن ئاتالغۇمۇ تەخەللۇسى (ئەركەك تۆگە دېگەنلىك بولىدۇ)، قادىرخان دېگەنمۇ تەخەللۇسى. قادىر دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلى تۈركىي تىل بولۇپ، قارا دېگەن سۆز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئوغۇز، قىپچاق تىل تەلەپپۇزى ياكى ھازىرقى قازاق، قىرغىز، تۈركمەن تىل تەلەپپۇزى بويىچە قارىغاندا قارا باتىر، قۇدرەتلىك دېگەن سۆزلەرگە يېقىن كېلىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا قاراخانىلارنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىسى قادىرخان كۆلتېكىن بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ 840- يىللىرى بارلىقىنى، ھەتتا «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ دادىسى قاراخان ئىدى دېگەن مەلۇماتقا قارىغاندا قەدىمكى ئوغۇز خانلىرى دەۋرىگە تاقىلىدۇ. دېمەك، قادىرخان نامىلىق تەخەللۇس تۈپكى نەسەبلەرنى ئىپادە قىلغۇچى ئاتالغۇدۇر.

گېپىمىزگە كەلسەك، ساتۇق بۇغراخان تارىخىي ماتېرىياللاردا بارىز بارون ياكى ھارۇننىڭ ئوغلى دېيىلگەن. مەن تەتقىقات ئارقىلىق بارىز دېگەن ئاتالغۇنى لايىق كۆردۈم. بارىز دېگەن سۆز بارىس دېگەن سۆزگە ئوخشاش بولۇپ، قازاق، قىرغىز تىللىرىدا بارس يولۋاس، شىر دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈركىي ئىسىم ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بارس تەختتىكى چاغدا ياش شاھزادە ساتۇق ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، سامانى باشچىلىقىدىكى سودىگەرلەرگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ دىنىي تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇ بارس تەرىپىدىن سېزىلگەندىن كېيىن قاراخانىلارنىڭ سامانىلار بىلەن تارىخىي، مىللىي، دىنىي زىددىيەتلىرى تۈپەيلى، بارس ساتۇقنى چەكلەپ قادىرخان ئوغۇلچاقنى تەختكە ۋارىس قىلغان. بۇ ئارىلىقتا ئەبۇ نەسىر سامانى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سامانى (892 = 270 622) يىلى تۇغۇلغان. تىرناق ئىچىدىكى 622- يىل ھىجرىيىنىڭ باشلانغان يىلى. 270 ـ يىل ھىجرىيە يىل ھېسابى بولۇپ قوشقاندا سامانى مىلادىنىڭ 892- يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ. تۆۋەندە ھىجرىيە بىلەن مىلادى سېلىشتۇرمىسىنى توغرىلاش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئىپادە قىلىنىدۇ: (926 = 304 ! 622) يىل سامانى قەشقەرگە سودىگەر قىياپىتىدە كېلىپ ساتۇق بۇغراخاننى (ئۇ ئېھتىمال 20 ياش ئەتراپىدا بولسا كېرەك) ئىسلام دىنىغا كۆندۈرگەن (926 ـ يىل ساتۇق بۇغراخان 20 ياش ئەتراپىدا بولسا مىلادىنىڭ 906 ـ

www.uyghurkitap.com

يىللىرى تۇغۇلغان بولىدۇ). سامانى (963 = 341 + 922) يىلى ئۆلگەن. ئوغلى ئوبۇل پەتتاھ قالغان.

ساتۇق بۇغراخان (940 = 318 + 622) يىلى تاغىسى قادىرخان ئوغۇلچاقنى زىنداندا بەنت قىلىپ («بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە موللاھاجى يەرگە بەنت قىلىۋەتكەن دەپ يازغان) ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئىسلامنى تەرغىپ قىلغان. (966 = 344 + 622) يىلى ئۆلگەن.

## ئەۋلاد مۇسا بۇغراخان بىلەن ھارۇن بۇغراخان ھەققىدە

مۇسا دېگەن ئاتالغۇ ئىبرانى تىل بولۇپ، يەھۇدى ۋە سەئۇدى خەلقلىرىگە ئورتاق قەدىمكى تىل. بۇ ئاتالغۇ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ نامى. مۇسا بۇغراخاننىڭ ئەسلى ئىسمى ھەسەن ئابدۇلكەرىم بولۇپ، ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى ساتۇق بۇغراخان ئۆلگەندىن كېيىن قەشقەردىكى مەركىزىي خانلىق خانى بولغان. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ھەسەن بولۇشى ياكى مۇسا دەپ تەخەللۇس قويۇلۇشى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە بولۇپ، مۇسا پەيغەمبەر بىلەن ئەلى ئوغلى ھەسەننىڭ روھى مەدەت بەرسۇن دېگەن ئەقىدە بويىچە قويۇلغان. مۇسا (ھەسەن ئابدۇكەرىم) ساماننىڭ ئوغلى ئوبۇل پەتتاھ ھامىلىقىدا شىمال تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەن.

بۇ ئارىلىقتا، ئوبۇل پەتتاھنىڭ ئىككى جايدىكى مازىرى ھەققىدە قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. موللاھاجى «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دە ئۇنىڭ مازىرى «توپ ئاتار غوجام» دەپ ئۈرۈمچىدە قالغان دەيدۇ. ئەمما قەشقەر يېڭىشەھەر خانېرىق يېزىسىدىكى ئابداللار (شەيخلەر) يۇرتىدىكىلەر ئۆزىنى ئۇنىڭ ئەۋلادى دەپ شۇ يەردىكى مازارنى چۆرىدەپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ تەزكىرىسىدە بۇ مازار 920 نەچچە يىل بولدى دېيىلگەن. شۇنداق قارىغاندا 980- يىللىرى ئەتراپىدا ئۆلگەن. ئۈرۈمچىدىكى «توپ ئاتار غوجام» مازىرى بولسا تەسەۋۋۇرۇمچە ئويدۇرما خاراكتېرگە ئىگە.

كېيىنكىگە كەلسەك، مۇسا (ھەسەن ئابدۇلكەرىم) بۇغراخان بولسا (991 = 369 + 622) يىلى يېڭىشەھەردىكى ھازىرقى ئاقساس سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىكى بۇددىستلار بىلەن بولغان غازاتتا شېھىت بولغان.

ھارۇن بۇغراخان — ھارۇن دېگەن ئىسىممۇ دىنىي ئەقىدىگە ئىگە بولۇپ، مۇسانىڭ قېرىندىشى بولغان ھارۇن پەيغەمبەرنىڭ نامى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ھۈسەيىن بۇغراخان. بۇ ئاتالغۇمۇ ئەلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھۈسەيىن نامىغا قويۇلغان بولۇپ، دىنىي ئەقىدە خاراكتېرىگە ئىگە. ھارۇن (ھۈسەيىن) بۇغراخان ئوغۇلچاق قادىرخاندىن ساتۇق بۇغراخان قولىغا قالغان ئۆگەي ئوغۇل بولۇپ، بۇ تۇپەيلى، بالاساغۇنغا ئىلىك خان بولغان. ھارۇن (ھۈسەيىن) بۇغراخان، مۇسا بۇغراخان بۇددىستلار بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇب بولغاندىن كېيىن قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلغان. ئەمما، بۇددىستلارنى قەشقەردىن قوغلاپچىقارغاندىن كېيىن غەربتىن سامانىيلارنىڭ ھۇجۇمى ئەۋج ئالغانلىقى ئۈچۈن مۇسا (ھەسەن) بۇغرانىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلاننى قەشقەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى سامانىيلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن سەمەرقەنت تەرەپكە يۈرۈش قىلغان. ھارۇن (ھۈسەيىن) بۇغراخان 997- يىلى سەمەرقەنت سەپىرىدىن قايتىش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن.



AltunOq

## ئەۋلاد ئەلى ئارسلان بىلەن يۇسۇپ قادىرخان ھەققىدە

ئەلى ئارسلان مۇسا (ھەسەن) بۇغراخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، قەشقەردە خان بولغان. بۇددىستلار قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە (1011 = 389 + 622) يىلى ھازىرقى ھاراپ قۇملۇقىدا شېھىت بولغان. بۇددىستلار قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ قەشقەردە تەنتەنە قىلىپ ھازىرقى قەبرىسى بار تۈمەن دەرياسى بويىدىكى يارلىققا تاشلىۋەتكەن. شۇڭا كېيىنكى تارىخچىلار، ئۇنىڭ تېنى قۇملۇقتا قالغان، بېشى قەشقەر دۆلەتباغقا ئۇچۇپ كەلگەن دەپ توقۇغان.

بۇ ھەقتە زەلىلىنىڭ مۇنۇ غەزىلىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. زەلىلىي مۇنداق يازىدۇ:

مەخمۇد ئىدى دىلۇ ـ جان قۇيدى مەينى ئەرغۇۋان
سۇلتان ـ ساتۇق بۇغراخان پىرى مۇغان ئەمەسمۇ؟
دەرگاھلىرى كىردىيا ئىسلام ئاچىپ بى ردىيا
پادىشاھ ھۇسەيىن ئەۋلىيا ساھىپقىران ئەمەسمۇ؟

(زەلىلىي غەزەللىرى 284ـ بەت)

بۇ غەزەلنىڭ ئىككى كۇبلېتىدىكى كىردىياغىچە ئىسلام ئاچقان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ روھى چاقناپ تۇرىدۇ ۋە بىزنىڭ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ دادىسى ھۇسەيىن بۇغراخان دېگەن پىكىرىمىزنى تەستىقلاپ تۇرىدۇ.

يۇسۇپ قادىرخان ھارۇننىڭ، يەنى (ھۇسەيىن بۇغراخاننىڭ) ئوغلى. ئۇ تەخمىنەن 984ـ يىلى تۇغۇلغان. قادىرخان دېگەن تەخەللۇس بولۇپ، بۇۋىسى قادىرخان ئوغۇلچاق ياكى ئەڭ بۇرۇنقى بۇۋىسى قادىرخان كۆلتېگىن روھى مەدەت بەرسۇن دېگەن دىنىي ئەقىدە بىلەن قويۇلغان. يۇسۇپ دېگەن ئاتالغۇمۇ يۇسۇپ پەيغەمبەرنىڭ روھى مەدەت بەرسۇن دېگەن ئەقىدە بويىچە قويۇلغان. 997ـ يىلى ھارۇن (ھۇسەيىن) بۇغراخان سەمەرقەنت سەپىرىدە ئۆلگەندىن كېيىن 998ـ يىلى 14 يېشىدا تەختكە ئولتۇرۇپ، تۆت ئىمامنىڭ ھامىلىقىدا بالاساغۇندا تۇرغان.

يۇقىرىدا ئۈچ ئەۋلاد مۇناسىۋەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەمدى مەخسۇس ھالدا يۇسۇپ قادىرخان ھەققىدە توختىلىمىز.

يۇسۇپ قادىرخان 998ـ يىلى 14 يېشىدا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن تۆت ئىمامنىڭ ھامىلىقىدا ماۋرا ئۇننەھىردىكى سامانىيلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى 1012ـ يىلىغىچە ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇددىستلار قولىدا قالغان قەشقەر ۋە تارىم ئويمانلىقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماۋرا ئۇننەھىردىكى ئىلىك خانلىقلاردىن قوشۇن توپلاپ، ئىماملار ھامىلىقىدا قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلگەندەك قەشقەرنى تىنچ «ئازاد» قىلىپ، 1013ـ يىللىرى قەشقەر بىلەن يەكەن چېگرىسىدىكى يېڭىسار، يېڭىشەھەر، ھاراپ، يوپۇرغا رايونلىرىدا بىر قاتار مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. يەكەن، خوتەنگە بىردىن يۈرۈش قىلمىغان. ئالدى بىلەن قەشقەردىكى ۋە چېگرا رايوندىكى ئىسلام پونكىتلىرىنى مۇستەھكەملىگەن. يەنى شېھىت بولغانلارنىڭ خاتىرىسـ

www.uyghurkitap.com

گه مازار قاتۇرغان. قارلۇق قەبىلىلىرىدىن بولغان ئەسكەرلەرنى پۇقراغا ئايلاندۇرۇپ يەرلىككە ئورۇنلاشتۇرغان.

بۇرۇنقى ماتېرىياللاردىكى، يۈسۈپ قادىرخان مىلادى 1008- يىلدىن 1025- يىلغىچە خوتەننى باشقۇرغان دېگەن مەلۇماتتىكى ھىجرىيە بىلەن مىلادى يىل ھېسابىدىكى خاتالىقنى نەزەردە تۇتقاندا، يەنى خاتالىق 12 يىل پەرقنى ھېسابقا ئالغاندا، مەسىلەن: (1020 = 12 + 1008) يىلى يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئىسلام ئېچىپ، خوتەننى ئېلىپ، (1037 = 12 + 1025) يىلدىن كېيىن خوتەن، كىرىيە قاتارلىق جايلاردا يۈرگەن.

بۇرۇنقى مەلۇماتلاردىكى يۈسۈپ قادىرخان مىلادىنىڭ 1032 - يىلى يەكەندە سۇيىقەست بىلەن ئۆلگەن دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ مەسىلىدىمۇ ھىجرىيە بىلەن مىلادىنى سېلىشتۇرۇشتا خاتالىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى سېلىشتۇرغاندا يۈسۈپ قادىرخان (1045 = 423 + 622) يىلى يەنى 61 يېشىدا ئۆلگەن بولىدۇ.

ۋەھالەنكى يولداش مۇھەممەت ئىمىن خۇدابەردى تەييارلىغان «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» گە كىرىشسۆزدە 1050- يىللارغا قەدەر خوتەندە پائالىيەت ئېلىپ بارغان دېيىلگەن.

ئەمدى يۈسۈپ قادىر خاننىڭ «ئۆلۈمى» مەسىلىسىگە نۇقتىلىق توختىلىمىز. بۇ «ئۆلۈم» سۆزىنى «ئۆلۈم» بولۇپ، بۇ «قۇتادغۇبىلىك»دىكى ئايتولدىنىڭ«ئۆلۈمى» مەسىلىسىدە چوڭقۇر ئىز قويغان، بۇ «ئۆلۈم — يۈسۈپ قادىرخان ھاياتىدىكى ماھىيەتلىك سۈپەت ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك».

ئالدى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك » دىكى ئايتولدىنىڭ«ئۆلۈمى» گە مۇناسىۋەتلىك بابلارنى كۆرۈپ باقايلى: بۇ مەزمۇن 20- بابتىن 24-بابقىچە، يەنى 1045- بېيىتتىن 1548-بېيىتقىچە بولۇپ، بۇنىڭدا كۈنتۇغدى بىلەن ئايتولدى تولۇق ماسلىشىپ، ئايتولۇن بولغاندا ئايتولدى قېرىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. كۈنتۇغدى كېسەل ساقىيىدۇ دەپ تەسەللى بېرىدۇ. ئەمما ئايتولدى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلىپ ئۆگدۈلمىشنى كۈنتۇغدىغا تاپشۇرىدۇ. بۇ مەزمۇنغا دىققەت قىلساق كۈنتۇغدى ئەسلى ئايتولدىدىن قېرى ئىدى. لېكىن ئايتولدى بۇرۇن قېرىپ، بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ. كۈنتۇغدى يەنىلا ساق قالىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئايتولدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆھبەتلىرىدە، ئۆگدۈلمىش ئۆلۈمگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكنى، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۆز تەقدىرىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆگدۈلمىش تەلەپپۇزىدىن قورقماسلىق، قايغۇرماسلىق تەلەپپۇزى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ مەسىلىنى ئالدىن بىلىش كاتېگورىيىسىدىكى ئادالەت(بەخت)، پاراسەت (ئەقىل) مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، تۇرالمىسىز، ۋاپاسىز سائادەت (بەخت)تىن ۋاز كېچىپ، سائادەت (بەخت) نى مەھكەم تۇتقۇچى پاراسەت (ئەقىل) تېپىش يولىغا مېڭىش زۆرۈرلىكى چىقىدۇ.

ئەمدى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ 1045- يىلى يەكەندە سۇيىقەست بىلەن «ئۆلۈش» مەسىلىسىگە كېلەيلى.

بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن خوتەندىكى ئونەچچە بىللىق ھاياتى ھەققىدە توختىلىش زۆرۈر.

(داۋامى بار)

# قوچو خانلىقى

تۇرغۇن ئالماس

## سۆز بېشى

تارىختا 180 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قوچو خانلىقى (مىلادىنىڭ 460- يىلىدىن 640- يىلىغىچە) تۇرپان رايونىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان. پايتەختى ھازىر ئىدىقۇت شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان شەھەر خارابىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

بىزگە مەلۇمكى، IV ئەسىردە گەنسۇدا قۇرۇلغان ئالدىنقى لياڭ بەگلىكى (مىلادىنىڭ 317- يىلىدىن 376- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خانى جاڭجۈن (مىلادىنىڭ 317- يىلىدىن 345- يىلىغىچە خان بولغان) 327- يىلى ئالدى قوش خانلىقىنى بېسىپ ئالغان. ئۇ ئالدى قوش خانلىقىنىڭ نامىنى گاۋچاڭ ۋىلايىتى (高昌郡) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتكەن.

«گاۋچاڭ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى، گوچاڭ دۆلىتى» بابىدا ئىككى تۈرلۈك قاراشنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرىدە «گاۋچاڭ» دېگەن ئاتالغۇ، گوچاڭ خانلىقىنىڭ يەر شارائىتى ئېگىز، خەلقى باي بولغانلىقى ئۈچۈن «ئېگىز، ئاۋات يەر» مەنىسىنى بېرىدىغان ئاتالغۇدىن كېلىپ چىققان ئىمىش. يەنە بىرى، «گاۋچاڭ» دېگەن ئاتالغۇ خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىكى گاۋچاڭ قورغانى (高昌垒) دېگەن ئاتالغۇدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراشتىن ئىبارەت.①

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل قاراشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن. تۇرپاننىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولماستىن ئەكسىچە دېڭىز يۈزىدىن 150 مېتىر تۆۋەن ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. «گاۋچاڭ» دېگەن ئاتالغۇ ھازىرقى گۆچەڭ ئەتراپلىرىدا قارىتىپ قويۇلغان بولسا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا قوش خانلىقى تېررىتورىيىسىدىكى گوچاڭ قورغىنىنىڭ (ئېگىز، ئاۋات يەردىكى قورغاننىڭ) قاچان، قايسى جايدا بىنا بولغانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق.

«گوچاڭ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى بۇرۇن بىرەر جايغا ياكى بىرەر دۆلەتكە قانداق ئىسىم قويۇلغان بولسا زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۈز بەرگەن جىددىي تارىخىي ۋەقەلەرگە ئېتىبار قىلماستىن بۇرۇنقىلار نېمە دەپ يازغان بولسا، يەنە شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ كونا ئىسىمنى تەكرارلايدىغان قاتمال ئۆلۈك ئادەتكە ئۆگىنىپ قالغان. شۇڭا جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى 180 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (460—640) قوچو خانلىقىنىڭ نامىنى 485 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (850 — 1335) ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ نامى ئورنىدا قوللىنىپ، مەزكۇر دۆلەتنىمۇ گاۋچاڭ دۆلىتى دەپ يازغان.

بىز تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز تارىخىي شارائىتى، ئۆز نامى بويىچە تارىختا ھۆرمەت قىلىنغان ھالدا قوش خانلىقى (姑师، 车师)، قوچو خانلىقى (高昌国)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى، گوچاڭ خانلىقى دەپ ئاتاش زادى توغرا ئەمەس.

فرانسوز تارىخچىسى فىللىئوتىنىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە، قوچو دېگەن نام گاۋچاڭ ئاتالغۇسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى. تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە ھۆججەتلەردە «گوچاڭ» دېگەن ئاتالغۇ «قوچو» دەپ يېزىلغان.②

قوچو خانلىقى كۈچەيگەن چاغدا، تەررىتورىيىسى ئىچىگە تۇرپاندىن تاشقىرى پىچان، توقسۇن، قاراشەھەرمۇ كىرگەن.

## ئاۋارلار ۋە قوچو خانلىقى

«شىمالىي سۇلالىلەر يىلنامىسى» دىكى «ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە»، «ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»، «قوچو خانلىقى ھەققىدە قىسسە» ۋە «جەنۇبىي چى سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتلارغا كۆرە مىلادىنىڭ IV ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ چىقىشى سىيانپىلاردىن بولغان ئاۋارلار ھازىرقى موڭغۇلىيە تەررىتورىيىسىدە باش كۆتەردى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى توبا تاۋ، ئۆزىنى روۋەن (柔然) دەپ ئاتىغان ئاۋارلارنى (ياۋروپا تارىخچىلىرى ئاۋارلار دەپ يازغان) ھاقارەتلەپ، ئۆز يىلنامىسىدا، رو - رو (蠕蠕 — لۆمشۈپ تۇرىدىغان قۇرۇت مەنىسىدە) دەپ يازدۇرغان، ئاۋارلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى موغولوي ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققانتى. ئۇلارنىڭ موغولوي ئاتلىق بوۋىسى توبا سىيانپىلارنىڭ (مىلادىنىڭ 235 - يىلىدىن 394 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خانى توبالىۋىنىڭ ۋاقتىدا (261 - 277) قۇللۇقتىن قېچىپ بىر قەبىلە ئۇيۇشتۇرغان. شۇنىدىن باشلاپ ئاۋارلار كۈچىيىشكە باشلىغان.

موغولوينىڭ پەي نەۋرىسى تولۇنخان I مىلادىنىڭ 396 - يىلى ئاۋار قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 396 - يىلىدىن 551 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نى قۇرغان. ئاۋار قاغانلىقى مىلادىنىڭ 400 - يىلىغا كەلگەندە كۈچىيىپ تەررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي ھازىرقى كورىيىنىڭ غەربىگە، غەربىي جەنۇبىي قاراشەھەرنىڭ شىمالىغا، شىمالىي ئۇرخۇن بويلىرىغا، جەنۇبىي موڭغۇل چۆلىنىڭ جەنۇبىغا تۇتاشقان.

IV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شەرقىي ئۇيغۇرلار (ھازىرقى موڭغۇلىيىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار) يېڭىدىن باش كۆتەرگەن ئاۋارلار ۋە توبالاردىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەننىڭ خەۋپى ئاستىدا قالدى. بۇ چاغدا شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇششاق - ئۇششاق بەگلىكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر قايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا خانلىرى بار ئىدى.

مىلادىنىڭ 400 - يىلى ئاۋار قاغانى تولۇنخان I (396 - 410) شەرقىي ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ ئالدى. مىلادىنىڭ 439 - يىلى ئاۋار قاغانى ئۇتى (429 - 444) ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇردى، شۇنىدىن باشلاپ ئاۋارلار كۈچىيىپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 460 ـ يىلى ئاۋار قاغانى توغاچىن (444 ـ 464) ھون قوتقو دۆلىتىنىڭ خانى قوتقو ئارغونى ئۆلتۈرۈپ تۇرپاننى بېسىپ ئالدى. توغاچىن تۇرپاننى مەركەز قىلغان تېررىتورىيىدە ئاۋارلارغا بېقىنىپ ياشايدىغان بىر قورچاق خانلىق قۇردى، مانا شۇ خانلىقنى جۇڭگو تارىخچىلىرى گاۋچاڭ خانلىقى نامى بىلەن ئاتىغان. توغاچىن يېڭى قۇرۇلغان خانلىققا كەنبەيجۇ دېگەن ئادەمنى خان قىلىپ تەيىنلىدى. مانا شۇ قوچو خانلىقى مىلادىنىڭ 460 ـ يىلىدىن 490 ـ يىلىغىچە ئاۋارلارغا بېقىنىپ ياشىغان. شۇ مەزگىلدە قوچو خانلىقىغا كەنبەيجو (460 ـ 477)، كەنبېچىڭ (477 ـ 478)، كەنشۇگۈي (478 ـ 490) قاتارلىق ئۈچ كىشى خان بولدى.

ئاۋارلار ئۈچىن قاغان، تولۇن II قاغانلارنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 465 ـ يىلىدىن 487 ـ يىلىغىچە) ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. مىلادىنىڭ 470 ـ يىللىرى ئاۋار قوشۇنلىرى خوتەن خانلىقىنىڭ پايتەختىگە خەۋپ سېلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا خوتەن خانى شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ پايتەختى پىنچېڭ (ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى) غا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى. توبالار خانى توباخۇڭ (مىلادىنىڭ 466 ـ يىلىدىن 471 ـ يىلىغىچە خان بولغان) ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى يولنىڭ يىراقلىقىنى باھانە قىلىپ، خوتەن خانلىقىغا ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاۋارلار مىلادىنىڭ 480 ـ يىلىغا كەلگىچە قوچو خانلىقىنىڭ غەربىي ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، قاتناشتا تۇتقان ئورنىنىڭ تېخىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتتىكى خېلى كۆپ جايلارنى بېسىپ ئالدى.

ئاق ھون ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىدىن 565 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ ئىمپېراتورى ئېپتىلانوسنىڭ ۋاقتىدا (470 ــ 496) ئاق ھونلار مىلادىنىڭ 480 ـ يىلى قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تارىم ۋادىسىغا بېسىپ كىردى. ئۇلار ئاۋارلارنى تارىم ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار، قارا شەھەر قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى بېسىپ ئالدى. ③

ئاۋارلار ئەينى شۇ ۋاقىتتا، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

## شەرقىي ئۇيغۇرلار بىلەن قوچو خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى

مىلادىنىڭ 486 ـ يىلى ئاۋار قاغانى تولۇنخان II (مىلادىنىڭ 485 ـ يىلىدىن 487 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان)، توبا خانلىقى (مىلادىنىڭ 386 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) غا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم باشلىدى. شۇ چاغدا توباخانلىقىنىڭ پايتەختى لويالىڭ ئىدى. مانا شۇنداق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن شەرقىي ئۇيغۇرلار (شۇ چاغدا ئېگىز ھارۋىلىقلار دەپ ئاتالغان) ئاۋارلارغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسيانىغا ئاي ئوجرو يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ خان ئۇكىسى چۇنچى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن 120 مىڭ ئائىلىنى باشلاپ (ئاز دېگەندە 500 مىڭ كىشى) غەربكە قاراپ يۈردى. ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىكى قەدىمكى قۇش خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار شۇ جايـ



AltunOq

دىكى (ھازىرقى جۇڭغار دالىسىدىكى)، غەربىي تۇرالار (غەربىي ئۇيغۇرلار) غا قوشۇلۇپ كۆچەيدى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە چىداپ تۇرالمىغان ئاۋار قاغانى تولۇنخان II ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغاي خانلار ئاي ئۇجرو بىلەن چۇنچىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلدى. ئۇيغۇرلار جەنۇبىي ئالتايدا بولغان ئۇرۇشتا تولۇنخان II نى تارمار قىلدى، تولۇن قاغان قېچىپ كەتتى.

ئاي ئۇجرو ئاۋارلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىدىن كېيىن، ھازىرقى ماناس ئەتراپىدا قارارگاھىنى بەرپا قىلىپ، «ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى (高车王国) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. ئاي ئۇجرو «ئۇلۇغ تەڭرىقۇت»، چۇنچى «ئۇلۇغ بەگ» ئۇنۋانىنى ئالدى.

شىمالىي سۇلالىلار تارىخىنى يازغان تارىخچىلار، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ، مونغۇلىيىسىنىڭ ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيە شارائىتى (يايلاق، دالا، چۆل، قۇملۇق) نى ھېسابقا ئېلىپ، ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى «ئېگىز ھارۋىلىق تۇرالار» دەپ يېزىشقان.

مىلادىنىڭ 487 - يىلى موڭغۇلىيىدىن جۇڭغارىيىگە كۆچۈپ كېلىپ دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرلار «ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ ئاتالغانلىقىدىن، ئۇلار قۇرغان دۆلەتمۇ «ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» (高车王国) دەپ يېزىلىش داۋاملاشقان.

مانا شۇ ئۇيغۇر خانلىقى (487—546) خېلى كۈچلۈك دۆلەت ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ ئاھالە سانىنى ھېسابقا ئالغاندا، خانلىقنىڭ 100 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قوشۇنى بولۇشى مۇمكىن.

ئاي ئۇجرو مىلادىنىڭ 490 - يىلى قوچو خانلىقىنى ئاۋارلار قولىدىن تارتىپ ئالدى. ئۇيغۇر خانى قوچو خانى كەنشۇگۇينى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ ئورنىغا يەرلىك خەلققە ئۆزلىشىپ كەتكەن جاڭمىڭمىن دېگەن كىشىنى خان قىلىپ تەيىنلىدى. قوچو خانلىقى 60 يىل (مىلادىنىڭ 490 - يىلىدىن 552 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقىغا (ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقىغا) قارىدى. ئاي ئۇجرو قوچو خانلىقىنى بويسۇندۇرغان يىلى لولان خانلىقىنىمۇ بويسۇندۇرۇپ ئالدى، ئارقىدىنلا لوپنورنىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن خانلىقىنى ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىنىڭ 285 - يىلىدىن 688 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دىن تارتىپ ئالدى. ئاي ئۇجرو خانلىق سەلتەنىتىنى سۈرگەن چاغدا (487—500) ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي قۇمۇلنىڭ شەرقىغىچە، غەربىي ئىلى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغىچە، شىمالىي ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغىچە، شەرقىي جەنۇبىي لوپنور كۆلىنىڭ جەنۇبىغىچە، غەربىي جەنۇبىي بۈگۈرگىچە تۇتاشقانىدى.

يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى كۈچلۈك ئىككى دۈشمەنگە دۇچ كەلگەنىدى، بىرى، ئاۋار قاغانلىقى بولسا، يەنە بىرى ئاقھونلار ئىمپېرىيىسى ئىدى. ئاقھونلار مىلادىنىڭ 420 - يىلى ئاقسىۋارخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاقھون ئىمپېرىيىسى (420—565) نى قۇرغانىدى. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئوتتۇرا ئاسىيا (ماۋرائۇننەھىر بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ كۆپ قىسمى)، ئافغانىستان، ھازىرقى پاكىستانغا كىرگەنىدى. ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى ماراكەنت (ھازىرقى سەمەرقەنت)

ئىدى، كېيىن بەلخنى پايتەخت قىلدى. ئاق ھونلار ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى (224-651) نى قارام ھالغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تارىم ۋادىسىدىكى خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى بېسىپ ئالدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان ئاي ئوجرو ئۇكىسى چۇنچىنى خېلى نۇرغۇن قوشۇنغا باش قىلىپ قاراشەھەرگە ئەۋەتتى. چۇنچى ئاق ھونلارنىڭ كۇچار تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىغا تاقابىل تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئاي ئوجرو بولسا، ئاۋارلار ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىمالدا ئالتاي ئەتراپىدا تۇردى.

ئاي ئوجرو يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى تولۇقلاپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەن مەزگىلىنىڭ ئۆزىدىلا، دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلدى، تۇبالار خانلىقىنىڭ پايتەختى لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى جەنۇبىي چى خانلىقى (مىلادىنىڭ 479- يىلىدىن 502- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەنمۇ دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى.

قوچو خانلىقىغا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن جاگىمىڭ مىلادىنىڭ 496- يىلى ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا مارو دېگەن كىشى خان بولدى.

مارو مىلادىنىڭ 498- يىلى تۇبالار خانلىقىنىڭ خانى يەنخۇڭغا (471 - 499) ئەلچى ئەۋەتىپ قوچو خانلىقىدىكى بىر قىسىم ئاھالىنى (ئاساسەن ئۇيغۇرلىشىپ كېتىشكە يۈزلەنگەن خەنزۇلارنى) ئىچكىرىگە كۆچۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ سۇيىقەست مەغلۇپ بولدى، مارو ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان خون ئەۋلادىدىن كويجىيا دېگەن ئادەم خان بولدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، مارونىڭ ئاي ئوجروغا بولغان ساداقىتى ئاشكارىلىنىپ قالغان.

خان بولغاندىن كېيىن مەغرۇرلىنىپ، ئەس-ھۇشىنى يوقىتىشقا باشلىغان ئاي ئوجرو كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە رەھىمسىز بىر زالىمغا ئايلانغان، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ئوردا بەگلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا خان جەمەتىدىن بارديان خان بولغان.

بارديانىنىڭ ۋاقتىدا (500 — 505) ئۇيغۇرلار بىلەن ئاق ھونلار ئارىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولدى. مىلادىنىڭ 500- يىلى ئاق ھونلار قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا چۇنچى مەغلۇپ بولدى، ئاق ھونلار قولىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ باتۇر، ئەقىللىق ئىككى ئوغلى ئاق ھونلارغا ئەسىر چۈشتى. مىلادىنىڭ 505- يىلى ئاق ھونلار ئۇيغۇرلارغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئاق ھون قوشۇنلىرى ئىچىدە چۇنچىنىڭ ئوغلى باتۇرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئۇيغۇرلار بارديانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاق ھونلار بىلەن ياخشى خوپ بولۇش ئۈچۈن باتۇرنى قارشى ئالدى. ئۇنى خانلىق تەختىگە چىقاردى. مانا شۇ ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئاق ھونلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك ھالىتى تۈگەپ، ئىككى ئوتتۇرىدا دوستلۇق ئورنىتىلغان.

www.uyghurkitap.com

باتۇخاننىڭ ۋاقتىدا ( 505 ــ 516 ) ئۇيغۇرلار بىلەن ئاۋارلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق تارتىشما جەڭلەرنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

مىلادىنىڭ 508 ــ يىلى ئاۋار قاغانى ئۇوتى ( 505 ــ 508 ) ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. ئەھۋالنى ئېنىق بايقاپ تۇرغان باتۇخان بارىسكۆل ( ھازىرقى باركۆل ) نىڭ شىمالىدا ئاۋارلار بىلەن ئۇرۇشتى. مەغلۇب بولغان باتۇخان ئارقىغا چېكىنىپ ( غەربكە قاراپ ) ئۈچيۈز يولچە يىراقلىققا كەتتى. ئېھتىمال، ئۇيغۇر خانى ھازىرقى مورى ئەتراپلىرىغىچە چېكىنگەن بولسا كېرەك. ئۇوتى بولسا قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تاغقا جايلىشىپ ئالدى.

دەل شۇ چاغدا، قوچو خانلىقىنىڭ خانى كويجىيا باتۇخاندىن يۈز ئۆرۈشكە ئۇرۇنۇپ، تۇبالار خانى يەنكى( 500 ــ 515 ) دىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. يەنكى مىڭۋېي ئاتلىق سانغونىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 3000 كىشىدىن تەركىب تاپقان قوشۇننى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، كويجىيانىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرماقچى بولدى. كۈتۈلمىگەندە قوشۇننى تولۇقلاپ ياخشى تەييارلىق قىلغان باتۇخان دەرھال بارىسكۆل بويىغا يېتىپ كېلىپ، ئاۋار قاغانى ئۇوتىنى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋارلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىدىن قورققان كويجىيا ئىچكىرىگە كۆچۈپ كېتىشتىن يېنىۋالمىدى. مىڭۋېيمۇ قايتىپ كەتتى. ④

ئېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا بېقىنغان قوچو خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن بەزىلىرى پۇرسەت تاپسىلا قوچو خانلىقىدىكى ئاھالىنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغان؟

جۇڭگودىكى غەربىي چىن سۇلالىسى ( 265 ــ 316 ) نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇشلار قوزغىلىپ، قورقۇنچلۇق ۋەزىيەت مەيدانغا كەلگەن. مانا شۇ مەزگىلدە ( Ⅳ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ) گەنسۇدىكى لياڭجۇ رايونى بىر قەدەر تىنچ جاي ئىدى. « شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا خۇاڭخې ۋادىسىدىن ئاھالىلەر لياڭجۇغا زور تۈركۈمدە كۆچۈپ كەلدى. لياڭجۇدىكى يەرلىك ئاھالىلەردىن بەزىلىرى يەنە غەرب تەرەپكە كۆچكەن. شۇ سەۋەبتىن، لياڭجۇدىن خەنسۇلار قوچوغا ( تۇرپانغا ) كۆچۈپ كەلگەن » ⑤

يۇقىرىدىكى پاكىتقا ئاساسەن مىلادى Ⅳ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، لياڭجۇدىن بىر تۈركۈم خەنسۇلار ( بىر نەچچە مىڭ بولسا كېرەك ) تۇرپانغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن. لېكىن تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەن خەنسۇلارنىڭ سانى يەرلىك خەلق ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا مۇتلەق ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنىگە كېلىپ يەرلىك خەلققە سىڭىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبكە كۆرە قوچو خانلىقىغا جاڭمىنمېي، مارو قاتارلىق خەنسۇلارمۇ خان بولغان. قوچو خانلىقىنىڭ بەزى خانلىرى يەرلىشىپ، ئۇيغۇرلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن خەنسۇلارنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغان.

1950 ــ يىلىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا ئاساسەن خەنسۇ مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنگەنلىكتىن، گويا قەدىمكى چاغدا تۇرپاندا ياشىغان خەلقلەر ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى خەنسۇلار ئىگىلى-

گەندەك تارىخىي پاكىتقا زىت بىر ھېسسىيات پەيدا بولغان. تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، تۇرپان رايونى قەدىمكى چاغدا، خەنسۇلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، تۇرپاننىڭ قەدىمكى خەلقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ، پەقەت مىلادىنىڭ IV ئەسىرىنىڭ باشلىرىدا لياڭجۇ رايونىدىن تۇرپانغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ۋە كېيىنچە ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن خەنسۇلار ئاساسلىقى يەرلىك خەلق بولماستىن كۆچمەنچىلەر ئىدى.

مىلادىنىڭ 516 ـ يىلى باتۇخان بارىسكۆلنىڭ شىمالىدا ئاۋار قاغانى چونوخان بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولدى. چونوخان ئەسىر چۈشكەن ئۇيغۇر خانى باتۇخاننىڭ ئىككى پۇتىنى ئىككى ئاتقا باغلاپ، ئاتقا سۆرىتىپ چىتىدىن يېرىپ تاشلىدى. دادىسى ئۇتى خاننىڭ ئۆچىنى ئالغان چونوخان باتۇخاننىڭ باش سۆڭىكىنى سىرلاپ ( زەر يۆگۈرتۈپ ) مەي ئىچىدىغان قەدەھ قىلىۋالدى.

مىلادىنىڭ 516 ـ يىلى ئاۋارلاردىن مەغلۇپ بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى خېلى يامانلاشتى. بىر قىسمى ئاۋارلارغا بېقىندى، بىر قىسمى ئاق ھونلار پاناھىغا ئۆتتى.

مىلادىنىڭ 520 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار قەددىنى رۇسلاپ ئالدى. بۇ چاغدا چۇنچىنىڭ ئوغلى ئىلىبەگ خانلىق تەختىگە چىقىپ، ئەھۋالىنى ياخشىلىدى. ئېھتىمال ئىلىبەگ ئاق ھونلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغان بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار ئىلىبەگنىڭ ۋاقتىدا ( 520 ـ 530 ) ئاۋارلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا (مىلادىنىڭ 520 ـ يىلى) ئاۋار قاغانى بىراھمانىنى تارمار كەلتۈردى. بىراھمان ھازىرقى گەنسۇدىكى ئۇۋۇ يېغا قېچىپ كەتتى، توبالارخانى شاۋۇدىندى مىلادىنىڭ 523 ـ يىلى ئىلىبەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى تەقدىم قىلدى.

ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىنىڭ 530 ـ يىلىدىن 541 ـ يىلىغىچە بولغان 12 يىل ئىچىدە ئاۋارلار تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم مەغلۇپ بولدى. ئىلىبەگ مىلادىنىڭ 530 ـ يىلى ئايناغاي (ئاۋار قاغانى) بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندە ئۇكىسى يۈقۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، يۈقۇ مىلادىنىڭ 537 ـ يىلى ئايناغاي تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا جىيەنى بەگچى (ئىلىبەگنىڭ ئوغلى) يۈقۇنى ئۆلتۈردى. بەگچىمۇ مىلادىنىڭ 541 ـ يىلى ئاۋارلاردىن مەغلۇپ بولدى. بەگچىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقىغا كىمنىڭ خان بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قوچوخانلىقى، ئۇيغۇر خانلىقىغا 60 يىل (490 ـ 546) بېقىنىپ ياشىدى. مانا شۇ مەزگىلدە قوچو خانلىقىغا جاڭمىڭ (490 ـ 496)، مارو (496 ـ 497)، كويجيا (497 ـ 523)، كۆيجيەن (523 ـ 531)، كۆيزىجيەن (531 ـ 535)، كۆيشيەنجيا (535 ـ 561) قاتارلىق ئالتە كىشى خان بولدى.

## كۆك تۈركلەر بىلەن قوچو خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 546 ـ يىلى (بۇ چاغدا كىمنىڭ خان ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس) ئاۋارلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا (ئېھتىمال شەرقىي بارىكۆل تەرەپكە) ئالتايدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان كۆك تۈركلەرنىڭ ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. تۈركلەر ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، 60 يىل (487 ـ 546) ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر خانـ

لىقىنى بويسۇندۇرۇپ ئالدى. مانا شۇ 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقى تارىختا خېلى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. بۇنى ئىككى تەرەپتىن ئىسپاتلاش مۇمكىن، ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان كۈنىدىن تارتىپ خۇاڭخې ۋادىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توباخانلىقى (شىمالىي ۋېي) بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇيغۇرلار توبالارنىڭ دۈشمىنى بولغان ئاۋارلار بىلەن 60 يىل دېگۈدەك توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇردى، ئۇيغۇرلار ئاۋارلارنى تۇرغۇنلىغان جايلاردىن ھەيدەپ چىقىرىپ (شەرقى جۇڭغارىيە، تۇرپان، قاراشەھەر، لولان، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىن)، ئۇلارغا ئەجەللىك زەربىلەرنى بەردى. ئاۋارلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان قانلىق ئۇرۇشلارغا سەپەرۋەر قىلىنغانلىقتىن، ئاۋارلار سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ خۇاڭخې ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىدى. شۇ سەۋەبتىن خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ گۈللەيدىغان دەۋرنى بېشىدىن كۆچۈردى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىيىنىڭ 487-يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئىسيان كۆتۈرۈپ جۇڭغارىيە دالىسىغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن قۇتلار، ئون ئوغۇرلار، خوغۇرسۇلار، چىبىبىنلار، ئىلتەكىنلەر، قىرغىزلاردىن ئىبارەت ئالتە قەبىلە مىلادىيىنىڭ 498-يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئاۋارلارغا قارشى كۈرەش باشلىدى. ئاۋارلار شەرقىي ئۇيغۇرلارغا ئىككى قېتىم جازا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ مەغلۇب بولدى. چۈنكى شەرقىي ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى شۇقانى خان قىلىپ، بىر ياقىدىن باش چىقارغانىدى. ئەگەر شەرقىي ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ ئاۋارلارغا قارشى تۇرمىغان بولسا، ئاۋارلار 498-يىلى چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى جەنۇبىي چى خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان بولاتتى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار مىلادىيىنىڭ 498-يىلى بىرلىشىپ ئاۋارلارغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەندىن باشلاپ ئاساسەن مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈپ، كۆپىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنداق ئەھۋال 60 يىلىچە (498 — 550) داۋام قىلدى.

ئاۋارلار مىلادىيىنىڭ 439-يىلى ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن باشلاپ، ئۇلارنى ئاۋار قوشۇنلىرىنى قوراللار بىلەن تەمىنلەشكە ۋە ئاۋار بەگلىرىنىڭ شاھانە تۇرمۇشىنى بېزەشكە كېرەك بولىدىغان ئالتۇن سايمانلار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ھەتتا ئاۋار قاغانلىرى كۆك تۈركلەرنى «تۆمۈرچى قۇللىرىم» دەپ ھاقارەتلەيتتى.

ئاۋارلارنىڭ ئېزىشى ۋە خورلىشىغا چىدىمىغان كۆك تۈركلەر ئاۋارلار زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشنى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى، كۆك تۈركلەرنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئۇيغۇرلا شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى.

بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋارلار بىلەن ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىشى، كۆك تۈركلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەدەممۇقەدەم كۆپىيىپ، ئاۋار قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقىنى قۇرۇشىغا ئاساس يارىتىپ بەردى.



AltunOq

كۆك تۈركلەر مىلادىنىڭ 546- يىلى ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنلا، ئالتايدىكى سۇ تاردۇشلارنىمۇ (بۇلار تورا دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى) بويسۇندۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كۆك تۈركلەر كۈچەيدى.

كۆك تۈرك خانى تۇمەنخان مىلادىنىڭ 550- يىلى ئاۋار قاغانى ئايناغا يىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاۋار مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۆك تۈرك خانى تۇمەنخاننىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇشنى چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئايناغاي (522 — 551) ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ: «ھە، تۆمۈرچى قۇللىرىمنىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇشىغا نېمە ھەددى باركەن» دېگەن، تۈرك ئەلچىلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن تۇمەنخان غەربىي ۋېيخانلىقى (535—556) نىڭ پايتەختى شىئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. تۈرك خانى غەربىي ۋېي مەلىكىسى چاڭلېغا ئۆيلەندى. تۇمەنخان غەربىي ۋېيخانلىقى بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىپ ئالغاندىن كېيىن ئايناغايغا يۈرۈش قىلدى. ئايناغايمۇ ئاۋار قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تۈركلەرگە قارشى ئاتلاندى. مىلادىنىڭ 551- يىلى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي (سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتى) دا تۈركلەر بىلەن ئاۋارلار ئارىسىدا قانلىق بىر ئۇرۇش يۈز بەردى، ئۇرۇشتا تۇمەنخان قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى ئايناغاي باشچىلىقىدىكى ئاۋار قوشۇنلىرىنى تىرە - پىرەن قىلىپ تاشلىدى. ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئايناغاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ ئالدى.

تۇمەنخان ئاۋارلار ئۈستىدىن قازانغان ئۇلۇغ تارىخىي غەلىبىدىن كېيىن شەرقىي ئۇلۇغ ئوكيان، غەربىي قارا دېڭىز بويلىرىغىچە تۇتاشقان ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك كۆك تۈرك قاغانلىقىغا ئاساس سالدى.

كۆك تۈركلەر مىلادىنىڭ 551-يىلى 150 يىل ھۆكۈمسۈرگەن ((400-550 ئاۋار قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن شەرقىي ئۇيغۇرلارنى (موڭغۇلىيەدىكى) تولۇق بويسۇندۇردى، يېڭى قۇرۇلغان كۆك تۈرك قاغانلىقىغا ئوتوكون پايتەخت بولدى. تۇمەنخان ئىلخان ئۇنۋانىنى ئالدى. ئۇكىسى ئىستەمىخاننى يابغۇ ئۇنۋانىدا قاغانلىقنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلىدىغان ئالىي ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلىدى. ئىستەمىخاننىڭ ئوردىسى ئىلى ۋادىسىدىكى تېكەس دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى.

ئىستەمى يابغۇ مىلادىنىڭ 551- يىلى ئاقھونلارنى تارىم ۋادىسىدىن (قارا شەھەردىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان جايلاردىن) قوغلاپ چىقاردى. ئىستەمى يابغۇ مىلادىنىڭ 552-يىلى شەرقتە يەتتە سۇدىن تارتىپ غەربتە قارا دېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان «بوز قىر» دەپ ئاتىلىدىغان چەكسىز تېررىتورىيىدە ياشايدىغان تۈركىي قەبىلىلەرنى تولۇق بويسۇندۇردى.

قوچوخانلىقى مىلادىنىڭ 551-يىلىدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 640- يىلىغىچە كۆك تۈركلەرگە بېقىنىپ ياشىدى. مانا مۇشۇ مەزگىلدىكى 90 يىل ئىچىدە (551—640) يۈز بەرگەن مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە بايانى تۆۋەندىكىچە:

كۆك تۈركلەر ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك كۆك تۈرك قاغانلىقىنى قۇرغان چاغدا، خەلقئارا ۋەزىيەت تۈركلەر ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. جۇڭگودا بولسا، VI ئەسىرنىڭ

50- يىللىرىدا بىر - بىرىگە قارشى ئۈچ دۆلەت بار ئىدى. بۇ دۆلەتلەردىن شىمالىي چى سۇلالىسى (550 — 575) بىلەن شىمالىي جۇ سۇلالىسى (557 — 581) خۇاڭخې ۋادىسىدا ئىدى. چاڭجياڭ ۋادىسىنى ئاساسەن ئىگىلەپ ئالغان چېن سۇلالىسى (557 — 589) مۇ خۇاڭخې ۋادىسىدىكى شىمالىي چى، شىمالىي جۇ سۇلالىلىرى بىلەن ئانچە ياخشى مۇناسىۋەتتە ئەمەس ئىدى. جۇڭگودا بىرلەشكەن، كۈچلۈك دۆلەتنىڭ بولماسلىقى كۆك تۈركلەرنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىك ھالغا كېلىشىگە تاشقى جەھەتتىن ناھايىتى ياخشى شارائىت ياراتقان ئىدى. كۆك تۈركلەر ئۇلۇغ قاغان موقانخاننىڭ ۋاقتىدا (554 — 576) شىمال چى بىلەن شىمالىي جۇ سۇلالىسىنى قارام ھالغا چۈشۈرۈپ ئالدى.

مىلادىنىڭ 576 - يىلى تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانى موقانخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇمەنخاننىڭ كەنجى ئوغلى **تاۋارخان** قاغان بولدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا (576 — 581) تېخىمۇ كۈچەيگەن تۈركلەر، جۇڭگونى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ناھايىتى مەغرۇر مىجەزلىك تاۋارخان ئوردىسىدىكى تۈرك بەگلىرىگە: «جەنۇبتا ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان سادىق ئىككى ئوغلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق ئاپەت يۈز بەرسىمۇ، دۇنيا - دەپىنىمنىڭ ئۆكسۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيمەن»⑥ دەپ ماختانغان. تاۋارخاننىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىدىن شىمالىي جۇ سۇلالىسى بىلەن شىمالىي چى سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت خانلىرىنىڭ تۈركلەر نەزەرىدە بالا خانلار دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا بۇ ئىككى دۆلەت تۈركلەرگە بېقىندى بولۇپ قالغان. بۇ ئىككى دۆلەتتىن ھەر يىلى تۈركلەرگە ئەۋەتىلىدىغان نەچچە يۈز مىڭ توپ تاۋار، دۇردۇن قاتارلىق يىپەك ماللار ئەمەلىيەتتە تۈرك قاغانلىقىغا تۆلەيدىغان ياساق - سېلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

تۈركلەر جۇڭگونى قارام ھالغا چۈشۈرۈپ ئالغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 554 - يىلى ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ( 224 — 651 ) بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ مىلادىنىڭ 565 - يىلىغا كەلگەندە ئاق ھۇن ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاق ھۇنلار تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىپ ئالدى. كېيىن تۈركلەر ئىران بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندىن كېيىن ( ئاق ھۇنلار تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئىراننىڭ بېسىپ ئالغانلىقىغا تۈركلەر نارازى ئىدى ) مىلادىنىڭ 568 - يىلى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى ( 395 — 1451 ) خەلقئارا يىپەك سودىسى ۋە بىرلىكتە ئىرانغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بىتىمنامە تۈزۈپ، تېخىمۇ ئۇلۇغلۇق خەلقئارا شارائىتقا ئىگە بولدى.

تۈركلەر ئۆزىگە بېقىنغان دۆلەتلەرنىڭ خانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالدى. پەقەت تۇدۇن ناملىق ئەمەلدارلارنى بويسۇنغان خانلىقلارنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. تۇدۇنلارنىڭ ( نازارەت ئەلچىلىرى ) ۋەزىپىسى، بويسۇنغان دۆلەتلەردىن سېلىق يىغىش، زۆرۈر تېپىلغاندا، شۇ دۆلەتلەردىن تۈرك قوشۇنلىرىغا جەڭچى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. تولا چاغلاردا بېقىنغان دۆلەتلەرنىڭ خانلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى مۇستەقىل ھالدا يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى ئۇلۇغ قاغاندىن رۇخسەت ئېلىپ، چەت دۆلەتلەر بىلەن ئۆز ئالدىغا سودا ئىشلىرىنى مۇستەقىل ھالدا يۈرگۈزەتتى.

تۈركلەرنىڭ قوچوخانلىقىغا تودون — نازارەت ئەلچىسى ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، لېكىن تۈركلەر قومۇلغا تودون ئەۋەتكەن، مانا شۇ تودون قوچو خانلىقىغا نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇشى مۇمكىن.

قوچوخانلىقى تۈركلەرگە بەكمۇ سادىق ئىدى. تۈركلەرمۇ قوچوخانلىقىنىڭ بەزى دۆلەتلەر بىلەن مۇستەقىل ھالدا ئالاقە قىلىشىغا يول قويغان.

قوچوخانلىقى بىلەن تۈركلەر ئارىسىدىكى قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. بۇنداق مۇناسىۋەت غەربىي تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە ( 600—744 ) تېخىمۇ روشەن كۆرۈلگەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 581- يىلىغا كەلگەندە جۇڭگودا سۈي سۇلالىسى ( 581—618 ) نىڭ قۇرۇلۇشى تۈركلەر ئۈچۈن ناھايىتى ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. مىلادىنىڭ 577- يىلى شىمالىي جۇ سۇلالىسى، شىمالىي چى سۇلالىسىنى يوقىتىپ ئالدى. تۈركلەر شىمالىي چى سۇلالىسى شاھزادىسى گوشاۋيىنى يۆلەپ، چى سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، نەتىجە چىقمىدى. مىلادىنىڭ 589- يىلى جۇ سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى سۈي سۇلالىسى ئالدى. سۈي سۇلالىسى مىلادىنىڭ 587- يىلى چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى چېن سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى. سۈي سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن تۈركلەرگە بولغان قارامىلىقىدىن قۇتۇلۇش، ئاخىرىدا تۈركلەرنى پارچىلاپ يوق قىلىشقا بەل باغلىدى.

تۈرك قاغانلىقى تۇمەنخاندىن تارتىپ تۇران قاغانىنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە ( مىلادىنىڭ 550- يىلىدىن 600- يىلىغىچە ) مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا گۈللەپ-ياشناش باسقۇچىغا كىرگەن ئىدى. جۇڭگودا قۇدرەتلىك سۈي سۇلالىسى ۋۇجۇتقا كېلىپ، كۈچەيگەن چاغدا تۈرك قاغانلىقىدا بۆلۈنۈش، ئاجىزلىقنىڭ سىگنالى چىقىشقا باشلىدى.

مىلادىنىڭ 581- يىلى ئاۋارخان ئالەمدىن ئۆتكەندە، موقانخاننىڭ ئوغۇللىرى بىلەن تاۋارخاننىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا قاغانلىق تەختىنى تالىشىش يۈز بەردى. ئاخىرى تاۋارخاننىڭ ئوغلى ساۋارلو قاغان بولدى، ئۇ ئىماقولۇق سارباغا ئىشپارا قاغان دەپ ئاتالدى، قاغانلىق تەختىنى تالاشقان ئاپا قاغان ( موقانخاننىڭ ئوغلى) ۋاقتىنچە تىنجىغان بولسىمۇ، يەڭ ئىچىدە خەنجەر ساقلاپ پەيت كۈتۈپ تۇرۇش يولىغا كىردى.

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمران ئورۇقى بولغان ئاشىنا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە كەسكىن زىددىيەت بولغانلىقتىن ناھايىتى خۇشال بولغان سۈي ۋېندى (ياڭجيەن) تۈركلەرگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشتىن باش تارتتى.

سۈي ۋېندى (مىلادىنىڭ 581 - يىلىدىن 604- يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى يوقىتىش تەدبىرىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدى. مۇنداق تەدبىرنى سۈي ۋېندىغا ئۇنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك قوماندانى جاڭ سۇڭشىڭ كۆرسىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇنداق دېگەنىدى: «ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ يىراقتىكىسى بىلەن دوستلىشىپ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلساق، كۈچلۈكلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى بۆلۈپ تاشلاپ، ئاجىزلىرى بىلەن بىرلەشسەك، .......... ئون نەچچە يىلدىن كېيىن پۇرسەت تېپىپ، تۈركلەرگە يۈرۈش قىلساق، بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى يوق قىلىۋېتىمىز».
原文：“今宜远交而近攻，离强而合弱，…十数年后，承衅讨云，必可一举而空其国唉”

شۈيۋېندىدەل جاڭسۇنشېڭ كۆرسەتكەن تەدبىر بويىچە ئىش كۆردى. سۈي ۋېندى ساۋارلۇ قاغان (مىلادىنىڭ 581 ـ يىلىدىن 587 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) نىڭ ئوغلى كىمىن تۆرى قاغاننى يېنىغا تارتىپ، ئۇنى ئۇلۇغ قاغان توكڭا تۇران قاغان (مىلادىنىڭ 588 ـ يىلىدىن 599 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) غا قارشى ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، كىمىن تۆرى قاغانغا ئەنىپى (مىلادىنىڭ 597 ـ يىلى)، يىچىڭ (مىلادىنىڭ 598 ـ يىلى) ئاتلىق ئىككى مەلىكە قىزنى ياتلىق قىلدى.

بۇ قىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەۋەبلەرگە كۆرە بىرلەشكەن، قۇدرەتلىك تۈرك قاغانلىقى مىلادىنىڭ 600 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئىككىگە — شەرق ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 600 ـ يىللىرى سۈي سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئىگە بولغان كىمىن تۆرى قاغان ئۇلۇغ قاغان تۇران قاغاننى ۋە بىلكە تاردۇ قاغاننى تارمار قىلغاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 603 ـ يىلى چوڭ قاغان بولدى. دەل شۇندىن باشلاپ، غەرب تەرەپنى باشقۇرىدىغان تۈرك خانلىرى، مۇستەقىللىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەرقتىكى چوڭ قاغانغا بويسۇنۇشتىن باش تارتتى، شۇندىن تارتىپ غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا (مىلادىنىڭ 600 ـ يىلىدىن 744 ـ يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئاپا قاغاننىڭ (موقاننىڭ ئوغلى) ئەۋلادلىرى قاغان بولۇشقا باشلىدى. غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئىلى ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانىڭ بىر قىسمى، ئافغانىستان كىرەتتى. شەرقىي تۈركلەرگە ئوتوكون، غەربىي تۈركلەرگە مىڭ بۇلاق (قىرغىزىستاندا) قا يېقىن بولغان توقماق شەھىرى پايتەخت بولدى.

قوچوخانلىقى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئىچىدىكى مۇھىم خانلىق ئىدى، مىلادىنىڭ 550 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈركلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەن قوچوخانلىقىغا، تۈركلەر مىلادىنىڭ 600 ـ يىلى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە، كۆيشەنجيا (مىلادىنىڭ 535 ـ يىلىدىن 561 ـ يىلىغىچە خان بولغان)، كۆي باۋمياۋ (561—589)، كۆي گەنگو (589—602) قاتارلىق ئۈچ كىشى خان بولغان.

غەربىي تۈركلەرنىڭ دەۋرىدە قوچوخانلىرى بىلەن غەربىي تۈركلەر ئارىسىدا قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى قويۇقلۇقىنى باشتا ئېيتقان بولساقمۇ ئۇ ھەقتە ئېنىقراق چۈشەنچە بەرمىگەنىدۇق.

مىلادىنىڭ 600 ـ يىللىرى تۈركلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، سۈي سۇلالىسى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. غەربىي تۈركلەر بولسۇن، شەرقىي تۈركلەر بولسۇن يەنىلا قۇدرەتلىك ئىدى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۈي تاڭدى (605 ـ 618) مىلادىنىڭ 609 ـ يىلى كۆكنۇردىكى تۇيغۇنلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى، تۇيغۇنلار خانى بۇساۋا (597 ـ 635) مەغلۇپ بولۇپ، غەربكە چېكىندى. بۇ خانلىق (317 ـ 688) مىلادىنىڭ 554 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈرك قاغانلىقىغا بېقىنىپ قالغان بولسا، مىلادىنىڭ 609 ـ يىلى سۈي سۇلالىسىغا بېقىندى بولۇپ قالدى.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، قوچوخانلىقىنىڭ خانى كۈي بايار (602 ـ 623) خېشى كارىدۇرىغا بېرىپ، سۈي تاڭدى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ، مىلادىنىڭ 612 ـ يىلى سۈي سۇلالىسى مەلىكىسى خۇاروڭغا ئۆيلەندى. كۈي بايار شىئەنگە بېرىپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن قوچوغا (تۇرپان) غا قايتىپ كەلدى.

مىلادىنىڭ 623 ـ يىلى كۈي بايار ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئوغلى كۈي ۋىنتاي خان بولدى. كۈي بايارنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا تاڭ سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى.

كۈي ۋىنتاينىڭ ۋاقتىدا (623 ـ 640) قوچوخانلىقىنىڭ غەربىي تۈركلەرگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. قوچوخانلىقىنىڭ خانى كۈي بايارنىڭ چوڭ ئانىسى تۈرك قاغانىنىڭ قىزى ئىدى. كۈي بايارنىڭ ئاتىسى ئۆلگەندە ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى تۈرك ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن. ⑧

مىلادىنىڭ 627 ـ يىلى مەشھۇر بۇددا ئۇستازى شۈەنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا تەلىماتىغا دائىر بىلىملەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ قوچوخانلىقىدىن ئۆتكەن، بۇددىزمنىڭ مۇخلىسى بولغان كۈي ۋىنتاي شۈەنجاڭنى قوچودا تۇرۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلغان. شۈەنجاڭ ھىندىستانغا بېرىش ئىرادىسىدىن يانمىغان. كۈي ۋىنتاي شۈەنجاڭنى ئۇزىتىپ قويىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا بىر نەچچە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ قوشقاندىن تاشقىرى 30 قۇر كىيىم ـ كېچەك (بۇنىڭ ئىچىدە قىشلىق چاپانلارمۇ بار) ۋە يول خىراجىتى ئۈچۈن يۈز سەر ئالتۇن، 30 مىڭ سەر كۈمۈش بەرگەن. كۈي ۋىنتاينىڭ ئىشەنچلىك بەگلىرىدىن بىرى، خانىنىڭ غەربىي تۈرك قاغانى تون يابغو قاغانغا (619 ـ 628) يازغان مەكتۇپىنى ئېلىپ، شۈەنجاڭنى تون يابغو قاغانىنىڭ ئوردىسىغىچە (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى فىرونزى ئەتراپىغا) باشلاپ بېرىش ئۈچۈن قوچوخانلىقىدىن غەربكە قاراپ يولغا چىققان. مىلادىنىڭ 626 ـ يىلى غەربىي تۈرك قاغانى تون يابغونىڭ تۇنجى ئوغلى تاردوساد (ئافغانىستان باش ۋالىيسى) كۈي بايارنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەندى. كۈي ۋىنتاي بولسا تون يابغۇ قاغانىنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەن. قوچوخانلىقى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ ياخشى ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 618 ـ يىلىدىن 907 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا بەكمۇ سادىق بولغان قوچوخانلىرىنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش يولىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى جاڭسۈي ئاتلىق مەلىكىنى كۈي ۋىنتايغا ياتلىق قىلغان.


AltunOq

# قوچو خانلىقىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى

مىلادىنىڭ 618 ـ يىلى 37 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 581 ـ يىلىدىن 618 ـ يىلىغىچە) سۈي سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قاتتىق زەربىسى ئاستىدا ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى. شۇ چاغدا سۈي سۇلالىسىنىڭ تەيۈەندىكى باشۋالىيسى لى يەن شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ (600—630) قاغانى سىۋارخان (609—619) نىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى شىئەننى بېسىپ ئالدى، شۇ يىلى ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلىدى.

يېڭى قۇرۇلغان تاڭ سۇلالىسى لى يەننىڭ ۋاقتىدا (618 — 626) ئىچكى جەھەتتىكى بۆلۈنمە كۈچلەرنى يوقىتىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ ئالغىچە، شەرقىي تۈركلەرگە خۇشامەت قىلىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى سىۋارخانغا، ئەن يى، چولوخانغا (619 ـ 621) يېپەك ئاتلىق مەلىكىلەرنى ياتلىق قىلدى. بۇ ئىككى مەلىكە مىلادىنىڭ 598 ـ يىللىرى تۈرك قاغانى كىمىن تۆرى قاغانغا ئىلگىرى-ئاخىر ياتلىق بولغان، ناھايىتى ھېلىگەر، سۇيىقەستچىلەر ئىدى. بۇلار ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى باش جاسۇسلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەر دائىم تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىدىن شىئەندىكى ئوردىغا مەخپىي مەلۇمات يوللاپ تۇراتتى، ھەتتا تۈركلەرنىڭ قاغانلىرىغا ياتلىق بولغان مەلىكىلەر ئۆز كېيولىرى بولغان تۈرك قاغانلىرىنى ئالداپ يالغاندىن ئىغۋا توقۇپ قاغانلىقتا ئېغىر پالاكەتلەرنى كەلتۈرۈدىغان جىنايەتلەرنىمۇ قىلاتتى. مەسىلەن: شەرقىي تۈرك قاغانى سىۋارخان مىلادىنىڭ 615 ـ يىلى سۈي سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغاندا، سۈي مەلىكىسى يېپەك (سىۋارخاننىڭ كىچىك خوتۇنى) سۈي تاڭدىغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. شۇنداق بولسىمۇ سىۋارخان سۈي تاڭدى بىكىنىپ ئالغان يەنمىن شەھىرىنى (شەنشىدە) قورشىۋالغان. دەل شۇ چاغدا مەلىكە يېپەك تۈرك قاغانىنىڭ ئوردىسىدىن يەنمىننى قورشىۋالغان سىۋار قاغانغا ئەۋەتكەن ئادەم ئارقىلىق «قاغانلىقنىڭ شىمالىدا ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك» دېگەن⑨ مەلىكە يېپەك يالغاندىن ئىغۋا توقۇپ قاغانلىقنىڭ شىمالىي تېررىتورىيىسىدە ئىسيان كۆتۈرۈلدى، دەپ سىۋارخاننى ئالدىغان. مەلىكە يېپەكنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن سىۋارخان يەنمىن قورشاۋىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ «ئاتالمىش ئىسيان» نى باستۇرۇش ئۈچۈن ئارقىغا قايتىپ كەتكەن. سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۈي تاڭدى تۈركلەرگە ئەسىر چۈشۈپ كېتىشتىن قۇتۇلۇپ، شىئەنگە قاچقان.

شەرقىي تۈرك قاغانى چولوخانغا ياتلىق بولغان مەلىكە ئەنيى مىلادىنىڭ 621 ـ يىلى ئۆز كېيوسى چولوخاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمىغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لى شىمىن (مىلادىنىڭ 627 ـ يىلىدىن 649 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) تۈرك قاغانلىقىنى يوقىتىشقا بەل باغلىدى. لى شىمىننىڭ قوشنا دۆلەتلەرگە قىلماقچى بولغان ھۇجۇملىرىغا باھانە تېپىش يولىنى ئۇنىڭ ۋېيجېڭ ئاتلىق مەسلىھەتچىسى (580—643) كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو ئامانى خۇدا ياشايمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا تۆت تەرەپتىكى ياتلارنى بويسۇندۇرۇش كېرەك»⑩ .

لىشىمىن مىلادىنىڭ 630- يىلى شەرقىي تۈركلەرنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن غەربىي تۈركلەرنىمۇ تارمار قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇ بىرىنچى قەدەمدە غەربىي تۈركلەرگە قىلىدىغان ھۇجۇمنىڭ نىشانىسىنى غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى تېررىتورىيىسىگە قاراتتى.

غەربىي تۈرك قاغانى تون يابغۇ مىلادىنىڭ 628- يىلى ئىراندا قىلغان مەشھۇر يۈرۈشىدىن چوڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەندە ئۇنى باغا تارقان ئاتلىق ۋەزىرى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. شۇندىن باشلاپ غەربىي تۈرك شاھزادىلىرى قاغانلىق تەختىنى تالىشىپ ئۆز ئارا ئۇرۇش ئېلىپ باردى. غەربىي تۈركلەردە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاپەتلىك يانغىنلىرى بىر نەچچە يىلغىچە ئۆچمىدى.

تون يابغۇ ئۆلتۈرۈلگەن يىلى (628- يىلى) شەرقىي تۈركلەردىمۇ خەتەرلىك ئەھۋاللار يۈز بەردى. بىر تەرەپتىن تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ (قورغاقچىلىق) ئىقتىساد خارابلاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي ئۇيغۇرلار ئىسيان كۆتەردى. سورتاردۇشلار باشچىلىقىدا قاغانلىق تەشكىل تاپتى.

لىشىمىن شەرقىي تۈركلەردە ئەنە شۇنداق ئېغىر ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى شەرتنىڭ ھازىرلانغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مىلادىنىڭ 630- يىلى شەرقىي تۈركلەرنى تارمار قىلدى.

لىشىمىن شەرقىي تۈركلەرنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچەپ تەييارلاندى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركلەرنى تارمار قىلغانلىقى غەربىي تۈركلەرنى چۆچۈتۈپ قويدى. شۇندىن باشلاپ غەربىي تۈركلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يامانلاشتى. مۇنداق يامانلىشىش ئەڭ ئاۋۋال غەربىي تۈركلەرنىڭ ھىمايىسىدىكى قوچو خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا تۇتقان كەسكىن، قاتتىق مۇئامىلىسىدە كۆرۈلدى.

قاتناش ۋە مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان قوچو خانلىقىنىڭ خانى كۈي ۋېنتاي غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىرادىسىگە كۆرە، جۇڭگونىڭ غەرب دۆلەتلىرى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. كۈي ۋېنتاي غەربىي تۈرك قاغانى ساۋارلو ئىلتېرىش قاغان (634— 639) نىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، مىلادىنىڭ 638 - يىلى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى . مىلادىنىڭ 609 - يىلى قۇمۇلنى سۈي سۇلالىسى بېسىپ ئالغانىدى. كۈي ۋېنتاي تاڭ سۇلالىسىنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، خانلىقنىڭ پايتەختى يارغۇلنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن «شەھەرنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقۇپ، خەندەك كولاپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھازىرلاندى»⑪ （原文：筑城掘满，预备攻讨）

دەل شۇ مەزگىلدە غەربىي تۈرك قاغانى ساۋارلو ئىلتېرىش قاغان (634 ـ 639 ) مۇ بەشبالىققا يېقىن بولغان قاغان بوت شەھىرىگە نۇرغۇن قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسىدىن مۇداپىئەلىنىشكە ھازىرلاندى.

www.uyghurkitap.com

مىلادىنىڭ 639- يىلى لى شىمىن كۆي ۋېنتاينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن لى داۋيۇ ئاتلىق ئەمەلدارنى ئەلچى سۈپىتىدە قوچو خانلىقىغا ئەۋەتتى. لى داۋيۇ كۆي ۋېنتاي بىلەن كۆرۈشكەندە، كۆي ۋېنتاي تاڭ سۇلالىسىنى پەسەنتىگە ئالماي مەغرۇرانە ھالدا مۇنداق دېگەن:

بۈركۈت پەرۋاز قىلسا ئاسماندا،
قىرغاۋۇل بۈكىدۇ شۇئان چاتقالغا.
سارايدا سەيلە قىلسا مۈشۈك،
چاشقاننىڭ جايىدۇر تۆشۈك. ⑫
鹰飞于天下，雉伏于蒿
猫游于堂，鼠唯于冗

كۆي ۋېنتاي غەربىي تۈركلەرنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەن ئىدى.

لى شىمىن ئەلچىسى لى داۋيۇ ئارقىلىق كۆي ۋېنتاينىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقلىنىپ قوپقا چاچلىرى تىك تۇرغان. ئۇ غەربىي تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن «ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى ئۇجۇر قىلدۇرۇش» دەپ ئاتىلىدىغان بەكمۇ ئۇنۇملۇك تەدبىر بويىچە، ئۆز خەلقىدىن يۈز ئۆرۈپ تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇپ، ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەن ئاسىنا تۇر، چېبىنى ئالىپ قاتارلىق تۈرك، ئۇيغۇر خانزادىلىرى ئارقىلىق تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن سانلىق قوشۇن تەشكىل قىلدى.

ئاسىنا تۇر بولسا شەرقىي تۈرك قاغانى چولوخان (619 — 621) نىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 636 — يىلى ئۆزى باشقۇرىدىغان بىر قىسىم تۈركلەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان. لى شىمىن ئاسىنا تۇرغا چوڭ ساغۇنلۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە لى شىمىن ئۆز سىڭلىسى مەلىكە خېڭيا گۈنى ئاسىنا تۇرغا خوتۇنلۇققا بەرگەن. لى شىمىننىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن بولغان ئاسىنا تۇر ئۆلگىچە تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن كەتمەن چاپقان.

چېبىنى ئالىپ بولسا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چېبىنى قەبىلىسىنىڭ خانى ئىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 632 — يىلى ئالتە مىڭچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان. ئۇنىڭ قەبىلىسى ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئاسىنا تۇر بىلەن چېبىنى ئالىپ لى شىمىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۈرك، ئۇيغۇرلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ غەربىي تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىشقا تەييارلاندى.

لى شىمىن مىلادىنىڭ 639- يىلى 12- ئايدا خوجونجىنى باش قوماندان، ئاسىنا تۇرنى قوماندانلىققا تەيىنلەپ، تۈرك، ئۇيغۇر، خەنزۇلاردىن تەشكىل تاپقان بىر نەچچە كىشىلىك تۈمەن قوشۇننى (ئاتلىق ۋە پىيادە) قوچو خانلىقىنى بېسىپ ئېلىشقا ماڭدۇردى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 640 — يىلى 5 — ئايدا قوچو خانلىقىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا يېقىنلاپ كەلدى. كۆي ۋېنتاي بىخەستەلىك قىلىپ: «تاڭ سۇلالىسىدىن بىزگە كېلىش ئۈچۈن، 7000 چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنە بىزنىڭ يۇرتقا كېلىشتە 2000 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى چۆلدىن ئۆتۈشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. مانا شۇ چۆل-

دىن ئۆتىدىغان يول بويلىرىدا سۇ ۋە ئوت - چۆپتىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆلدىكى يولنىڭ قىش پەسلىدىكى شامىلى نەشتەردەك سانجىپ تۇرسا، ياز پەسلىدىكى شامىلى يالقۇن ئوتتەك ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرغاندا، چوڭ قوشۇن بىزنىڭ يۇرتقا ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلەلمەيدۇ!... تاڭ سۇلالىسى بۈگۈنكى كۈندە بىزگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن كۆپ سانلىق قوشۇن ئەۋەتىدىغان بولسا، ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشتۈرەلمەيدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى 30 مىڭ كىشىدىن ئازلا بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز ئۆزىمىزلا ئۇلارغا تاقابىل تۇرالايمىز... ئەگەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى شەھىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا 20 كۈنلا ئاۋارە قىلالايدىغان بولساق، ئۇلار ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىينىلىپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئاندىن كېيىن بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنى ئەسىر ئالىمىز. ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق»⑬ دېگەن.

(原文！唐去我七千里，沙碛居其二千里，地无水草寒风如刀，热风烧，安能致大军乎！……今来伐我，发兵多则粮运不给，三万已下，吾能制云……若顿兵城下，不过二十日，食尽必走，然后从而虏云，何足优也！，，）

لېكىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇزۇن چۆلدىن ئۆتۈپ، قوچو خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرگەندە، كۆيۈۋنتاي پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ دەرھال ئۆلگەن. كۆيۈۋنتاينىڭ ئوغلى خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پايتەخت يارغولغا بېكىنىپ ئالغان، ئۇ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي شەھەردىن ئوردا بەگلىرىنى باشلاپ چىقىپ تەسلىم بولغان.

تارىختا، 180 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ (440—660) 15 خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان قوچو خانلىقى مىلادىنىڭ 640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

غەربىي تۈركلەر قوچو خانلىقىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. چۈنكى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ بەشبالىقتىكى قوشۇنلىرىغىمۇ ھۇجۇم قىلغانىدى. تاڭ سۇلالىسى تۇرپاننى غەربىي تۈركلەرنى تارمار قىلىشىدىكى ھەربىي بازىغا ئايلاندۇرۇپ ئالدى. يارغولدا ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قۇرۇلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يارغولدا قۇرغان ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئوخشايتتى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تولا چاغلاردا جۇڭگونىڭ غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان ئەلچىلىرى، سودىگەرلىرىنى ئوزۇق - تۈلۈك، قونالغۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان سارايۋەنلىك رولىنى ئۆتىگەن بولسا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرپان يارغولدىكى ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى سىياسىي، ھەربىي شىتاب ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىدى.

تاڭ سۇلالىسى ئون يىل (640 - 650) كۈچ سەرپ قىلىپ غەربىي تۈركلەردىن تارىم ۋادىسىنى تارتىپ ئالدى. شۇ جەرياندا ئاسىناتۇر ئاساسىي رولنى (تولا چاغلاردا باش قوماندانلىق قىلغان) ئوينىدى.

650 - يىلىغا كەلگەندە تارىم ۋادىسىنى غەربىي تۈركلەرنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالغان تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى (安西都护府) يارغولدىن كۇچارغا يۆتكىدى. ئاندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تېررىتورىيىسىگە يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى تارمار قىلىشتا ئۇيغۇر ـ ئورخون قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 646-يىلىدىن 845-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى.

غەربىي تۈرك قاغانى ئاشىنا ئالىپ (مىلادىنىڭ 651-يىلىدىن 657-يىلىغىچە قاغان بولغان) 651-يىلى بەشبالىقنى تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ ئالدى. بەشبالىق غەربىي تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر قاغانى بايانچان (648—661) نىڭ 50 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن قىلغان ياردىمىنى ئاساس قىلىپ، ئاشىنا ئالىپنى بىر نەچچە قېتىم مەغلۇپ قىلدى. بولۇپمۇ مىلادىنىڭ 657-يىلى تاڭ سۇلالىسى 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن (بۇنىڭ 50 مىڭى ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى ئىدى) نى سەپەرۋەر قىلىپ ئاشىنا ئالىپ بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇرۇش ھازىرقى بۆرتالا ئەتراپىدا بولدى، ئاشىنا ئالىپ مەغلۇپ بولۇپ، غەربكە چېكىنىپ كەتتى.

ئاشىنا ئالىپ تۈركلەرنى بۇرۇنقىدەك بىرلەشكەن، قۇدرەتلىك ھالغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغانىدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئاشىنا ئالىپ مىلادىنىڭ 658-يىلى ئەسىرگە چۈشتى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈرك شاھزادىلىرىنى تۈركلەرگە ھۆكۈمران قىلىپ، ئۆزىگە بېقىندۇرماقچى بولسىمۇ، غەربىي تۈركلەر مۇستەقىللىقىنى قولدىن بەرمىدى.

مىلادىنىڭ 700-يىلىدىن باشلاپ غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانلىق ھوقۇقى ئاشىنا جەمەتىدىن تۈركلەرنىڭ تۈرگەش ئاتلىق قەبىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. تۈرگەش قاغانلىقى مىلادىنىڭ 740-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈردى.

مىلادىنىڭ 682-يىلى شەرقىي تۈركلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىقىنى ھالىغا كەلتۈرۈپ ئالدى. شەرقىي تۈركلەرگە ئىلتېرىش قۇتلۇق ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى 62 يىل (مىلادىنىڭ 682-يىلىدىن 744-يىلىغىچە) ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 650-يىلىدىن 670-يىلىغىچە تارىم ۋادىسىنى تىزگىنلەپ تۇرغان بولسىمۇ، 670-يىلى تىبەت خانلىقى تارىم ۋادىسىنى بېسىپ ئالدى. تىبەت خانلىقى تارىم ۋادىسىنى 20 يىل (670—690) تىزگىنلەپ تۇردى. تارىم ۋادىسى مىلادىنىڭ 690-يىلىدىن تارتىپ 750-يىلىغىچە تاڭ سۇلالىسى، تىبەت خانلىقى، كېيىنكى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى (ئىلتېرىش قۇتلۇق قاغانلىقى) قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشتا قالغان جايغا ئايلىنىپ قالدى.

مىلادىنىڭ 751-يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋشەنزى قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلىرى، ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى تالاس دەرياسى بويىدا بولغان ئۇرۇشتا، سالىم ئىبنى زىياد قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى (تارىم ۋادىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) سىياسىي تەسىرىگە ئۇزۇل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلدى.

تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسمى (جۇڭغارىيە بىلەن تارىم ۋادىسى)، پەرغانە ۋادىسى، ئۇيغۇر ـ ئورخون قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە كىردى.



AltunOq

قارا بالغاسۇننى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر - ئورخون قاغانلىقى ئۆز تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى ساقلاپ، غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولىنى قوغداش ئۈچۈن تىبەت خانلىقى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقان، ئاخىرقى ھېسابتا تىبەت خانلىقى مەغلۇب بولۇپ، خەلقئارا سودا يولىغا ھۆكۈمران بولۇش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغان.

تاڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 630-يىلى شەرقىي تۈركلەرنى، مىلادىنىڭ 657-يىلى غەربىي تۈركلەرنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز مەمۇرىيىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇرۇندى. شۇنىڭغا كۆرە، تاڭ سۇلالىسى «قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانچە مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلدى. لېكىن بۇنداق ئورۇنۇش بىكارغا كەتتى. بۇنداق مەمۇرىيەت مەھكىمىلىرى ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرەلمىدى. بۇنىڭغا تىبەت خانلىقى بىلەن قۇتلۇق ئېلتېرىش قاغانلىقى يول قويمىدى.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانى بايانخاننىڭ غەربىي تۈركلەرنى تارمار قىلىشتا تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم بەرگەنلىكى باشتا تىلغا ئېلىنغان. بايانخاننىڭ ئۇنداق قىلىشتا ناھايىتى چوڭ مەقسىتى بار ئىدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەشنى مەقسەت قىلغان، چۈنكى تارىخىي تەجرىبىگە كۆرە، بايانخاننىڭ دادىسى تومىد مىلادىنىڭ 646-يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتاردۇش قاغانلىقى (628—646) نى تارمار قىلىشىغا ياردەم بەرگەن بولۇپ، سىرتاردۇش قاغانلىقىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنى قۇرغانىدى. بايانخانمۇ شۇنداق بىر تارىخىي ۋەزىيەتنى ئورۇندايمەن دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى تارمار قىلغاندا، غالىبىيەت مېۋىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ كەتتى. بايانخان قۇرۇق دۈمبەنى قۇچاقلاپ قالغان. بايان دادىسى تومىد ئۇلۇغ ئېلتەبىرگە ئوخشاش زېرەك سىياسىئون بولماستىن، گەرچە باتۇر بولسىمۇ، ئەخماقراق خان بولسا كېرەك. ھەتتا بايانخان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىلادى 650-يىلى كۆرىيىگە قىلغان يۈرۈشىگىمۇ قاتنىشىپ، 50 مىڭ ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، كۆرىيىنىڭ (ھازىرقى چاۋشيەننىڭ) پايتەختى پىخېنيان (پىڭراڭ) غىچە بارغان.

شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن مەغلۇب بولۇشىدىكى سەۋەب توغرىسىدا بىر ئاز چۈشەنچە بېرىش خېلى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ توغرىدا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر تارىخچىسى پەن ۋېنلەن ئەپەندى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«تۈركلەر ئەگەر بىرلەشكەن ھالىتىنى ساقلاپ، شەرق ۋە غەربىي تۈركلەردىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتمىگەن بولسا، تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنى يوقىتالماس ئىدى. ئەگەر غەربىي تۈركلەر بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىپ، شەرق ۋە غەربىي قىسمىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنمىگەن بولسا، تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى يوقاتقىدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە قالايمىقان توپىلاڭلار يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرگەندە، تاڭ سۇلالىسى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئاندىن ئۇرۇش تەجرىبىسىنى قوللىنىپ ئەڭ ئاۋۋال تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىدى. ئاندىن كېيىن ئاساسىي قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ ئالدى» ⑭

تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىلادىنىڭ 640- يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قوچوخانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

## قوچوخانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

قوچو خانلىقى مەمۇرىي، تەشكىلىي جەھەتتە خېلى پۇختا تۈزۈم ئورناتقانىدى. قوچوخانلىقى دۆلەت تېررىتورىيىسىنى يارغول بەگلىكى، لۈكچۈن بەگلىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەمۇرىي رايونغا بۆلۈپ ئىدارە قىلغانىدى. قوچو خانلىقىدا باش ۋەزىر، يارغول بېگى، لۈكچۈن بېگى، سول قول قوغدىغۇچى چوڭ سانغۇن، ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى، خەزىنە بېگى، جامائەت نوپۇس ئىشلىرى ۋەزىرى، لەشكەر بېشى، ئوڭ قول قوغدىغۇچى چوڭ سانغۇن، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى قوماندان، مۇراسىم بېگى، باقاۋۇل قاتارلىق ئەمەلدارلار بار ئىدى.

يۇقىرىدىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە خاندىن قالسىلا باش ۋەزىر چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى، ئۇ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەنىدى.

قوچو خانلىقى دەۋرىدە تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى خېلى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. تۇرپاننىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن باپ كېلىشى، خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

قوچو خانلىقى دەۋرىدە پاختا توقۇمىچىلىق بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇزۇن تارىخقا ئىگە يىپەك توقۇمىچىلىقىمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى. 1964- يىلىدىن 1972- يىلىغىچە تۇرپان ئاستانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن ماددىي يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، قوچو خانلىقى دەۋرىدە يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگىدەك تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

1964 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى قەبرىستانلىقتىن قېزىپ ئېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە كارۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن خۇۋاڭ «胡王» خەتلىك كىمخاپ پەردە چىققان. بۇ يىرتىق كىمخاپ پەردىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19.5 سانتىمېتىر بولۇپ، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يەنە 1968 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى قەبرىستانلىقتىن ئارغىماق مىنگەن چەۋەنداز، جۈپ ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۆرۈك گۈللۈك كىمخاپ چىققان. بۇ يىرتىق كىمخاپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 22.5 سانتىمېتىر بولۇپ، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە تۇرپان ئاستانىدىكى قەبرىستانلىقتىن جۈپ قوي سۈرەتلىك كىمخاپ رومال چىققان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24سانتىمېتىر، كەڭلىكى13.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

يەنە شۇ يىلى ئاستانىدىكى قەبرىستانلىقتىن جۈپ قوي، جۈپ قۇش ۋە دەرەخ سۈرەتلىك كىمخاپ چىققان. بۇ پەردىنىڭ يىرتىق بويىچە ئۇزۇنلۇقى 21.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 24 سانتىمېتىر كېلىدۇ.⑮

يۇقىرىدىكى يىپەكتىن توقۇلغان كىمخاپ توقۇلمىلىرى قوچوخانلىقى دەۋرىدە تۇرپاندىكى يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇسلۇبتا تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قوچوخانلىقى دەۋرىدە، تۈركلەرنىڭ خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ ئاساسىي خوجايىنى ۋە خەلقئارا سودىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىمۇ، تۇرپاندىكى ئاھالىنىڭ ئىچكى ۋە خەلقئارا سودىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ پاختا توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىقتا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. قوچوخانلىقى چەت ئەللەرگە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان توقۇمىچىلىق تاۋارلىرىنى چىقارغاندىن تاشقىرى، چەت ئەللەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىمۇ ئىمپورت قىلغان. مەسىلەن: مىلادىنىڭ 624-يىلى كۆيۈيىنتاينىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لى يەنگە (مىلادىنىڭ 618-يىلىدىن 627-يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) ئەۋەتكەن سوۋغا سالاملىرى ئىچىدە «شەرقىي رومادىن كەلتۈرۈلگەن نەسىللىك ئىتلاردىن تارتىپ، قارا تۈلكە موينالىرىغىچە بار ئىدى.» ⑯

ماناشۇنىڭدىن تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە قوچو خانلىقىنىڭ خەلقئارا سودا ئالاقىلىرىدا خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى. قوچو ھەققىدە قىسسە» دە، «قوچو خانلىقىنىڭ يېزىقى خەن سۇلالىسىنىڭ يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، خۇ يېزىقىنىمۇ بىللە قوللىنىدۇ.» دېيىلگەن

يۇقىرىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆز يېزىقىغا بويسۇندۇرۇپ يازدىغان خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغاندىن تاشقىرى خۇ يېزىقىنىمۇ (ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ) قوللانغان. 1975-يىلى تۇرپان قارا غوجىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن سوغدىچە خەتلەر يېزىلغان تارشىلار چىققان، ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 422-يىللىرىدا (قۇتقۇ ھون دۆلىتى ۋاقتىدا) خەنزۇچە سۆزلەرنى سوغدى يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىشقا باشلاپ، 480-يىلىغا كەلگەندە قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلىنى يېزىش ئىشى باشلانغان.⑰ ماناشۇ پاكىت تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى V ئەسىردىلا سوغدى ھەرپى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قوچو خانلىقى دەۋرىدە بۇددا مەدەنىيىتى خېلى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇددا دىنى IV ئەسىردىن باشلاپ تۇرپان رايونىدا يىلتىز تارتىشقا باشلىغان بولسا، قوچو خانلىقى دەۋرىدە تۇرپان رايونىدا تازا ئەۋج ئالدى، ناھايىتى ھەيۋەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىلىرى سېلىندى.

## قوچو خانلىرى

| خاننىڭ ئىسمى | خانلىق قىلغان ۋاقتى (مىلادى) |
|---|---|
| 1. كەمبەيجو | 460—477 |
| 2. كەينىپچىك | 477—478 |
| 3. كەنشۇگۇي | 478—490 |
| 4. جاڭمىنمېن | 490—491 |
| 5. مارو | 491—497 |
| 6. كۇيجا | 497—523 |
| 7. كۇيجيەن | 523—531 |
| 8. كۇيزدجيەن | 531—535 |
| 9. كۇيشىيەنجا | 535—561 |
| 10. كۇي باۋمياۋ | 561—589 |
| 11. كۇيگەنگو | 589—602 |
| 12. كۇي بايار | 602—623 |
| 13. كۇي ۋېنتاي | 623—640 |
| 14. كۇيجىشىن | 640—640 |

### ئىزاھات

① پوشى لياۋتى: «غەربتە بۇددىزم» خەنزۇچە 300- بەت.
② فېڭچېڭجۈن: «غەربىي يۇرتتىكى يەر ناملىرى» خەنزۇچە 77- بەت.
③ «ئاياڭ يىلنامىسى، ئاق هونلار ھەققىدە قىسسە».
④ سىماگۇاڭ: «قامۇسنامە» خەنزۇچە 10- توم 4588- بەت.
⑤ «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار» خەنزۇچە 24- بەت.
⑥ «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» 84-جىلد ، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
⑦ «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» خەنزۇچە 51- جىلد «جاڭسۇڭشىڭ ھەققىدە قىسسە».
⑧ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» خەنزۇچە 97- جىلد .
⑨ سىماگۇاڭ: «قامۇسنامە» خەنزۇچە 12- توم، 5699- بەت.
⑩ ⑭ پەنۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە 3- قىسىم، بىرىنچى كىتاب 275-292 بەت.
⑪⑫⑬ سىماگۇاڭ: «قامۇسنامە» خەنزۇچە، 13- توم، 6146- بەت.
⑮ «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار»، خەنزۇچە 100 - 103-، بەتلەر.
⑯ «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» 1- توم، ئۆزبېكچە 142- بەت.
⑰ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ئۇيغۇرچە، 7- بەت.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك نامى، كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرى

قاسىم ئارىش

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى قەدىمدىن تارتىپ «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ كەلگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا بۇ نام ھەر دەۋردە ھەر خىل يېزىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل نامنىڭ خەنزۇچە ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر، خالاس.

«ۋېينامە»دە «يۈەنخې» (袁纥)، «سۈينامە» دە «ئۇخۇ» (乌护)، «ۋېيخې» (乌韦)، «ئۇخې» دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى ۋە ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە «خۇيخې» (迴纥) دەپ يېزىلغان. مىلادىيە 788- يىلى (تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 4- يىلى) دىن كېيىن، بەش سۇلالە دەۋرى، سۇڭ، لياۋ، جىن (金) سۇلالىلىرى دەۋرىدە «خۇيخۇ» (迴鹘) دېيىلگەن؛ يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بولسا، تېخىمۇ ھەر خىل يېزىلغان. مەسىلەن: ۋېيۇ (畏吾)، ۋېيۋۇ (畏兀)، ۋېيۋۇئېر (畏兀儿)؛ چىڭ (مانجۇ) سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپرەك «خۇيبۇ» (回部)، «خۇيمىڭ» (回民) دەپ يېزىلغان.

«ئۇيغۇر» سۆزى تۇنجى قېتىم مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدىن «خەننامە» دە «ئۇگې» (乌揭) ياكى «خۇگې» (呼揭) شەكلىدە يېزىلغان. XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئالىمى — ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇيغۇر» دېگەن نام كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. XIII ئەسىردىكى ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ئاسىرنىڭ «ئومۇم تارىخ» ناملىق كىتابىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئەرەب مەنبەلىرىدە «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم زىكرى قىلىنىشىدۇر.

«ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۆز نامىدۇر. بۇ نامنىڭ مەناسى توغرىسىدا ھەر خىل ئېيتىلىشلار بار:

ئىران تارىخچىسى راشىددىدىننىڭ «ئومۇم تارىخ» ناملىق كىتابىدا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى «ئىتتىپاقلىشىش»، «ھەمكارلىشىش» دەپ ئىزاھلايدۇ؛ خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا «بەيئەت قىلماق»، «ئىستائەت قىلماق» دەپ ئىزاھلايدۇ. رەشىددىدىن XIII — XIV ئەسىرلەردە، ئەبۇلغازى باھادىرخان بولسا، XVII ئەسىردە ئۆتكەن شەخسلەر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى بۇ سۆزگە بەرگەن ئىزاھلىرى



AltunOq

توغرىمۇ – يوق؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. روسىيىلىك رادلوۋمۇ بۇ ھەقتە بىرەر خۇلاسىگە كېلەلمىگەن.

ن. باسكاكوۋ ئۆزىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە يۇقىرىقىلارغا ئوخشىمايدىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ پىكىرىچە ① ئۇيغۇر — يۇغۇر؛ ② ئوغۇر — ئۆگۈر؛ ③ ئوغۇز — ئۆگۈز سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى بىر قەبىلە نامىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئەقىللىق، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدىكى بىر سۆزنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدۇر. بۇ سۆز قەدىمكى «ر» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەر تىلىدا «ئوغۇر»، «يۇغۇر»، «ئۇيغۇر» شەكلىنى ئالغان. «ز» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەر تىلىدا «ئوغۇز»، «غۇز»، «ئۇز» شەكلىنى ئالغان. «ئوغۇر، يۇغۇر، ئۇيغۇر، ئوغۇز» دېگەنگە ئوخشاش ئېتنىك ناملارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ۋە ھازىرقى نۇرغۇن تۈركىي تىللاردا ھەرخىل فونېتىك شەكىللەردە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان «ئوغ – ئوق» دېگەن تومۇردىن كەلگەن. بۇنىڭ مەناسى «ئۇقماق، تۇشۇنمەك» دېگەن بولىدۇ. بۇ تۈپ سۆز ئالتاي يىلىقلار (ئۇيراتلار) تىلىدا «ئوي – غۇر» (ئەقىللىق) دېگەن شەكىلدە ساقلانغان. «ئوي» ئەقىللىق، ئىدرەك دېگەن بولىدۇ. قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدا ئوز (غار) «تۇشۇنمەك، ئۇقماق» دېگەن شەكىلدىمۇ قەيت قىلىنغان. قەدىمكى تۈركىي تىلدا بىر تومۇرلۇق «ئۆ» (ئويلىماق)، «ئۆگ» (ئەقىللىق، تەپەككۇر) دېگەن شەكىلمۇ بار. مانا مۇشۇنداق قارىغاندا، «ئۇق – ، ئۇغ – ، ئوي – ، ئۆ – ئۆگ –» دېگەن مەنىداش تومۇرغا – غۇز، گۈز، غۇر، گۈر، كۈر قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئۇغ ~ ئوغ + غۇر > غۇز؛ ئوي ~ ئوي + غۇر؛ ئۆگ ~ ئۆگ + گۈز، يەنى ئۇققۇچى، پەملىگۈچى، چېۋەر؛ قۇدرەتلىك، جەسۇر دېگەن مەنىدىكى سۆزلەر كېلىپ چىققان.①

دانىيە ئالىمى تومسېن «ئوغۇز — ھازىرقى روسىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلارنىڭ تىلىدىكى ئالاھىدىلىك شۇكى، ‹ر› تاۋۇشى ‹ز› بىلەن ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: ئون ئۇيغۇر ~ ئون ئوغۇز» ② دەيدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، تۈركىي تىللاردىكى قوشۇمچىلار ئەسلىدە تۈپ سۆزدىن ئۆزگەرگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، – غۇر / – قۇر = – گۈر / – كۈر؛ غۇز / – قۇز = – گۈز / – كۈز قوشۇمچىلىرىمۇ ئەسلىدە بىرخىل مۇستەقىل سۆز بولغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «كۈر» دېگەن سۆز بار. بۇنىڭغا مەھمۇت قەشقەرى «كۈچلۈك»، «قۇدرەتلىك» دەپ ئىزاھ بەرگەن («دىۋان» I – توم، 425 – بەت). مۇشۇ سۆزنى «– غۇر / قۇر = – گۈر / – كۈر ...» قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇستەقىل سۆز ھالىتىدە ساقلانغان بىر ۋەكىلى دەپ چۈشەنسەك، «غۇر، قۇر، غۇز، قۇز، كۈز، گۈز» لەرمۇ ئەسلىدە كۈچلۈك مەنىدىكى مۇستەقىل سۆزنىڭ ھەرخىل تەلەپپۇز ۋارىيانتلىرى بولۇشى، بۇ قەدىمكى ئالتاي دەۋرى–

① بۇ ھەقتە باسكاكوۋنىڭ «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان روس تىلىغا كىرگەن تۈركىي سۆزلەر ھەققىدىكى ماقالىسىغا قارالسۇن.

② تومسېن: «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان تۈرك مەڭگۈ تېشىغا كىرىش سۆز» (خەن رۇلىڭ تەرجىمە قىلغان).

ندىكى كۆچلۈك دېگەن مەنىدىكى «كۇر» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنى مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئوغۇر، ئوغۇز (يوغۇر، ئۇيغۇر) سۆزلىرى ئوق، ئوغ دېگەن پېئىل تومۇرىغا «غۇر» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆچلۈك دېگەن مەنىدىكى «غۇر، قۇر، گۇر، كۇر» سۆزلىرى ئالدىغا ئەقىللىق دېگەن مەنىدىكى «ئوغ، ئۇق، ئۆگ، ئۆك، ئوي» دېگەنگە ئوخشاش ئېنىقلىغۇچى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. ئوغ + غۇر، ئوق + غۇر دېگەن بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى قاتار كەلگەن ئىككى تاۋۇش «غ» ياكى «ق، غ» لارنىڭ تەلەپپۇزدا بىرىكىپ كېتىشى (يەنى ئۇغ + غۇرنىڭ ئۇغۇر بولۇپ كېتىشى) تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىك قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«ئۇغۇر، ئوغۇز ۋە ئۇيغۇر» سۆزلىرى ئاخىرىدىكى «ر» ۋە «ز» مەسىلىسىگە كەلسەك، «ر» دىئالېكتى بىلەن سۆزلىنىدىغان جايلاردا ئوغۇر دېيىلگەن بولسا، «ز» دىئالېكتى بىلەن سۆزلىنىدىغان جايلاردا «ئوغۇز» دېيىلگەن. مەسىلەن: هازىرقى چۇۋاشلار ۋە بىلغارلاردا «سەككىز» سۆزى سەككىر دېيىلىدۇ، ئۇلاردا «ر» دىئالېكتى ساقلانغان، هازىرقى شىنجاڭ كۇچار رايونىدا بولسا، «ز» دىئالېكتى ھېلىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: ئۆيگە «كىرىپ» سۆزى ئۇلاردا «كىزىپ» دېيىلىدۇ.

«ئۇيغۇر» سۆزى مەيلى «ئۇق، ئۇغ، ئوي» دېگەن پېئىل تومۇرىغا «غۇر» (قۇر) قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان تۈپ سۆز بولسۇن ياكى «ئۇق، ئۇغ، ئوي» دېگەن سۆزگە «كۈچ» دېگەن مەنىدىكى «غۇر، كۇر» سۆزلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان سۆز بىرىكمىسى بولسۇن، ئۇ يەنىلا «ئەقىل، كۈچ» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: ئۇق + غۇر (ئوقغۇر)، كۆر + گۇر (كۆرگۇر). شۇڭا «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نام (بۇنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولغان ئوغۇر، ئوغۇز، يوغۇر، ئۇيغۇر دېگەن ناملار شۇنىڭ ئىچىدە) «چەۋەر، چەبدەس، ئەقىل، پاراسەت، كۈچلۈك، جەسۇر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

«ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نامنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش (ئىزاھلاش) تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان مەدەنىيەتلىك خەلق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ شۇ مەنىدە ئىكەنلىكىنى قەدىمكى زامان ئالىملىرىمۇ چۈشەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورخۇن - ئۇيغۇر دۆلىتى قاغانى تۇنباغا تارقان 789 - يىلى، تاڭ سۇلالىسىدىن ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى «خۇيخې» (迴纥) سۆزىدىكى ئاخىرقى «خې» (纥) خېتىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان باتۇر، ئەقىللىق، جەسۇر قۇشۇش شۇڭقارنى بىلدۈرىدىغان «خۇ» (鹘) خېتى بىلەن يېزىشنى تەلەپ قىلغان. ①

① «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد، «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» خەنزۇچە 624 - بەت («يېڭى تاڭنامە»، تىنىش بەلگىلىك نۇسخا، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى نەشرى، قاتتىق مۇقاۋىلىق 10 - توم).

دېمەك، «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نامنىڭ مەناسى «ئىتتىپاقلىق»، «ئۇيۇشقاقلىق» دېگەن بولماستىن، بەلكى «ئەقىللىق، جەسۇر» دېگەن سۆزدۇر؛ «ئوغۇز» سۆزىمۇ قوي قوزىلىغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئوغۇز سۈت مەنىسىدە بولماستىن، بەلكى «ئۇيغۇر» سۆزى بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى سۆز دەپ قاراش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

× ×

ئوغۇزلار مىلادىدىن بۇرۇنقى، ئالدىنقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئۇگى» (乌揭)، «خۇگې» (呼揭) لار بولۇپ، مىلادىدىن كېيىن، تاڭ دەۋرىدىكى «ئۇخۇ» (乌护)، «ئۇخې» (乌纥) ۋە «ۋېيخې» (韦揭) لاردۇر.

«خەننامە، ھونلار تەزكىرىسى» دە، غەربىي دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان غەربىي تۇرالار بىلەن بىرلىكتە (مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە ئىلى دەريا ۋادىسى جەنۇبىغا كۆچكەن) ئۇيسۇنلارنىڭ شىمالىدا ئۇگى (乌揭) قەبىلىسى بارلىقى ئېيتىلغان. شىمالىي ھون تەڭرىقۇتى قۇتىمۇش ئاۋۋال قوملۇقنىڭ شىمالىنى تىنجىتقاندىن كېيىن «مىلادىدىن بۇرۇنقى 49 ـ يىلى، ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇگى (ئوغۇز) لارنى ۋە جەنكۈك (قىرغىز) لارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان».① بۇ ۋاقىتتا ئۇيسۇنلار ئىلى دەريا ۋادىسى بويىدا ئىدى.

تارىخ ماتېرىياللىرىدىن بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمى، ئومۇمەن ئالغاندا، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكى ۋە ئېرتىش دەريا ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن جەنۇبتا تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان جايلار ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى ياكى شۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا مانا شۇ «ئۇگى» دەپ ئاتالغان ئوغۇز (غەربىي ئۇيغۇر) لارنىڭ ماكانى ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 176 ـ 177 ـ يىللار) ھون تەڭرىقۇتى باتۇر خەن پادىشاھى ۋېندىغا يازغان مەكتۇبىدا: «روران بىلەن ئۇيسۇننى تىنجىتتىم، خۇگې (呼揭) ۋە ئۇنىڭغا قوشنا 26 دۆلەتنى ھونلارغا بېقىندۇردۇم»② دېگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «روران» لوپنۇر رايونىدا ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇيسۇنلار بۇ ۋاقىتتا تېخى غەربكە كۆچمىگەن.③ خۇگې دەپ ئاتالغان ئوغۇز (ئۇيغۇر) لارنىڭ يۇقىرىقى ئىككى دۆلەت بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىشى ھەمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان كىچىك خانلىقلار بىلەن «قوشنا» ئىكەنلىكىدىن خۇگې دەپ ئاتالغان ئوغۇز (ئۇيغۇر) لارنىڭ پائالىيەت رايونى شەرقىي قىسىم تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىگە قەدەر يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ شۇجې «تارىخىي خاتىرىلەر، ھەققىي شەرھى» دە «ئۇيسۇن دۆلىتى بىلەن خۇگې دۆلىتى گۇاجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى ئەنشىنىڭ شەرقىي) نىڭ غەربىي شىمالىدا» دەيدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى قەبىلە دەسلەپ قوملۇقنىڭ شىمالىدا بىللە ياشىغان.

① ② «خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى».

③ «ئۇيسۇنلار ھەققىدە تەتقىقات»

ئۇمۇمەن ئالغاندا، خەن دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۇيگې ياكى خۇگې دەپ ئاتالغان ئوغۇزلار ئالتاي تاغلىرى ۋە تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى خەن دەۋرىدىكى ئۇيگې دەپ ئاتالغان ئوغۇزلارنىڭ كېيىنكى تاڭ دەۋرىدىكى ئۇخۇ دەپ ئاتالغان ئوغۇزلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى، «ئۇيغۇرلار خەن دەۋرىدە خۇگې دەپ ئاتالغان ئوغۇزلاردۇر» ① دەپ قارايدۇ. جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدا — «خەننامە» دە گۇيشى( 姑师 ) دەپ ئاتالغان تۇرپان ئوغۇزلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە تۇرپاندا ياشىغان. مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك تارقىلىش بويىچە قارىغاندا شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدا مىلادىدىن بۇرۇن غەربىي ئۇيغۇرلار ياشىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ.

پىتولېمىنىڭ «جۇغراپىيە»سىدە بايان قىلىنىشىچە، ئۇلۇغ سىزىگېس مەملىكىتى (Sizyges) دېيىلگەن بىر ئەلنىڭ لوپنۇر رايونىدا بولغانلىقى مەلۇم. ئاپتور «Serice» (يىپەك مەملىكىتى) توغرىسىدا سۆزلەپ: «ئۇنىڭ (سىزىگېس مەملىكىتىنىڭ) قوشنىسى دامنائي ئېلى (Damnae) ۋە پىيادائي (Piaddae) ئېلىنىڭ زېمىنى ئۇيغۇر داس (Oechordas) دەرياسىغىچە بارىدۇ. دەريا بويىدا «ئۇيغۇرداس مەملىكىتى بار» ② دەيدۇ. ئەنگلىيە ئالىمى ھېنرى يۇلې (Hnry yule) ئەپەندى ۋە روسىيىنىڭ تۇنجى تۈرك شۇناس ئالىمى گىرىگورىيېۋ «ئۇيغۇرداس» لارنى «ھازىرقى ئۇيغۇرلار شۇ»③ دەيدۇ. 1952 - يىلى نەشىر قىلىنغان سوۋېت چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى 44 - تومىدا «ئۇيغۇرداسلار ھازىرقى ئۇيغۇرلار شۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

يۇنان ئالىمى پىتولېمى مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (مىلادى 150 - يىللىرى) ياشىغان ئالىم. II ئەسىردە تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلۋەتتە، مىلادىدىن ئىلگىرىمۇ تارىم ئويمانلىقىدا بارلىقىدا شۈبھە بولمىسا كېرەك. ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا 840 - يىللىرى موڭغۇل دالىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن دېگەن سەپسەتە ئەمدى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالسىمۇ بولىدۇ.

يەر ۋە شىۋە پەرقلىرى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلار تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدا ئۇخۇ، ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ئۇخې، سېلىنگا ۋادىسى ئەتراپىدا ۋېيخې (韦纥)، تارىم ئويمانلىقىدا ئۇيغۇرداس (ياكى ئۇيغۇردېس) دەپ ئاتالغان. ۋېيخېلار كېيىن خۇيخې (迴纥) دەپ ئاتالدى. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى، يەنى ئۇخۇ (乌护) لار ئوغۇز، كېيىنكىسى، يەنى ۋېي-

① تىكېتىيەن فېڭبا (ياپون): «غەربىي شىمالدىكى قەدىمكى يەرلەر توغرىسىدا تەتقىقات»؛ ياۋ سۇڭشۇ «ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ خۇنلار ھەققىدىكى تەتقىقاتى»؛ چېن جۇڭمىيەن: «ئومۇم تۈرك تارىخى»، 2 - قىسىم 175 - بەت.

② جاڭ شىڭلىياڭ: «جۇڭگونىڭ قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 1 - قىسىم، «قەدىمكى جۇڭگو بىلەن ياۋروپا قاتنىشى»، 34 - ، 44 - ، 55 - بەتلەر. بۇنىڭدا «ئەرەب ئەللىرىنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى خاتىرىلىرى» دېگەن بابنى يېزىشتا م. رېنائۇد (فرانسۇز) نىڭ ئەرەب ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرغان كىتابىغا ئاساسلانغان. رېنائۇد كىتابىنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئەرەب سودىگىرى سۇلايماننىڭ ساياھەتنامىسى، كېيىنكى قىسمى بىسرات (ياكى ساناۋى)-لىق ئەبۇزەيد ھەسەننىڭ خاتىرىسى، ئەبۇ دولەف مىسارى ئىبنى مۇخەلھەلنىڭ خاتىرىسى، ئىجمالىيلىك ئىدرىسىنىڭ جۇغراپىيىسىدىن ئىبارەت.

③ yule·cthay 1· 187 :- 195

خې ۋە خۇيخېلار ئۇيغۇرلارنى بىلدۈرەتتى. چېن جۇڭمىيەن: «خۇيخېلار خەن دەۋرىدىكى خۇگې (呼揭) لاردۇر» دەيدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئوغۇز دېمەكتۇر. «تاڭ سۇلالىسى تارىخى توغرىسىدا مۇھىم بايان»، 100 - جىلدتا خۇلاسە قىلىپ: «ئوغۇزلار ئوغۇرلار شۇ، بۇلار كېيىنكى ئۇيغۇرلاردۇر» دېيىلگەن.

VII - VIII ئەسىرلەردىكى تۈرك ھۆججەت - ماتېرىياللىرىدا زىكرى قىلىنغان «توققۇز ئوغۇز» لار «توققۇز ئۇيغۇر» دەپمۇ يېزىلغان.① VIII - IX ئەسىرلەردىكى «تۈرك بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «باتۇر، ھەيۋەتلىك بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» («ئىلخان مەڭگۈ تېشى» مۇ دېيىلىدۇ) ۋە «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز كۆپ ئۇچرايدۇ (خەنزۇچە قىسمىدا خۇيخې (迴纥) دەپ تەرجىمە قىلىنغان)؛ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ ۋە ئۇلاردا ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇزلار تەڭ ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

خەنزۇ مەنبەلىرىدە، مەسىلەن: «ۋېيىنامە»، «سۇينامە»، «يېڭى تاڭنامە» ناملىق كىتابلاردا زىكرى قىلىنغان ئۇيغۇرلار ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن: شەرق تەرەپتىكى شىمالىي قۇملۇقنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدا يۈەنخې (袁纥)، ۋېيخې (韦纥) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار؛ غەرب تەرەپتىكى تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدا، ئۇخۇ (乌护)، ئۇخې (乌纥) دەپ ئاتالغان ئوغۇزلار بار ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئېتنىك مەنبەئىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى شياڭ②، جۇ ③ سۇلالىلىرى دەۋرىدە خۇاڭخې ۋادىسىدا ياشىغان دى (翟) دەپ ئاتالغان تۇرالاردىن؛ كېيىنكى مەنبەئىنى مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە ياشىغان دىڭلىڭ (钉零) دەپ ئاتالغان تۇرالاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

بەزى ئالىملار دى دەپ ئاتالغان تۇرالارنىڭ تارىخىنى چۈنچيۇ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 770—476 - يىللار) ۋە جەنگو (مىلادىدىن بۇرۇنقى 475 - 221 - يىللار) دەۋرلىرىدىن باشلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە شىمالىي دىي (北狄) دەپ ئاتالغان تۇرالار جۇڭگونىڭ قەدىمكى شياڭ (商)، جۇ (周) سۇلالىلىرى، ھەتتا شيا 夏④ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ بار ئىدى. مەسىلەن: جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدىن «تارىخىي خاتىرىلەر. بەش ئاقساقال تەزكىرىسى» دە: «خۇاڭدي شىمالدا ھون (荤粥) لارنى قوغلىغان»؛ «شۇڭ (舜) گۇڭگۇڭنى يۇلىڭغا سۈرگۈن قىلغان، ئۇ شىمالىي دىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن» دېيىلگەن. چۈنچيۇ دەۋرىدە، بۇ ئۇرۇق - قەبىلىلەر كۆپرەك رۇڭ (戎)، دىي (狄) لار دەپ ئاتالدى.

قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا جۇڭگو (华夏) دىكى ھەر قايسى قەۋملەر (كېيىنكى خەنزۇلار) پەقەت چىن (秦)، جىن (晋) بەگلىكلىرىدە ۋە جىي (冀) ئايمىقى جەنۇبىدا،

① ۋالقزىگروۋ: تۈرك يېزىقىدىكى «ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى توغرىسىدا».
② شياڭ (يىڭ) سۇلالىسى دەۋرى — مىلادىدىن ئىلگىرى XVI ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرى 1066 - يىلغىچە.
③ جۇ سۇلالىسى دەۋرى — مىلادىدىن ئىلگىرى 771-1066 - يىلغىچە.
④ شيا سۇلالىسى دەۋرى — مىلادىدىن ئىلگىرى XXI ئەسىردىن 1066 - يىلغىچە.

يۇ(豫) ئايمىقى ۋە لۇ (鲁) بەگلىكى غەربىدىلا ياشايتتى. قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي ھازىرقى موڭغۇل دالىسى، بەنۇبىي ۋە خۇاڭخې ۋادىسى، شىمالىدىكى چىن — جىن ئېگىزلىكىدە بولسا، ئەنە شۇ دىي دەپ ئاتالغان تۇرالار ياشايتتى. ئۇلار شىمالدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن شىمالىي دىيلار دەپ ئاتالغان. ئوچۇق قىلىپ ئېيتساق شىمالىي دىي دەپ ئاتالغان تۇرالار ئەڭ دەسلەپ چىن ئېگىزلىكىدە، جىي ئايمىقىنىڭ شەرقىدىكى تەيخاڭشەن تاغلىرى ئېتەكلىرىدە ياشايتتى. چۇنچيۇ، جەڭگو دەۋرلىرىدە يەنە ھازىرقى شىمالىي جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىغا قەدەر كېڭەيدى.

دىيلارنىڭ نامى توغرىسىدا ھەر خىل ئېيتىلىشلار بار. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىشەنچلىك ئەمەس. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخ ماتېرىياللىرىدا يەنە غەربىي رۇڭ، چىنى رۇڭ، شۈيرۇڭ... دېگەنگە ئوخشاش ناملار ئۇچرايدۇ. «رۇڭ» شۇ خەلقنىڭ ئۆز نامى بولماستىن، خەنسۇلار تەرىپىدىن قويۇلغان نامدۇر. دى بولسا، كېيىنكى ۋاقىتتا دىلى (狄历) ياكى دىڭلىڭ (钉零) سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇ شۇ خەلقنىڭ ئۆز نامى — «تۇرا» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. مەسىلەن: زاروئاسترا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا»دا خاتىرىلەنگەن تۇرا (*Tura*) لارنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى دەپ ئومۇم ئېتىراپ قىلماقتا.① «تۇرا» سۆزىگە يەر، يۇرت مەناسىنى بىلدۈرىدىغان «ن» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «تۇران» سۆزى ئېغىز تىلىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

مىلادى 7 ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن شەرقىي رىم تارىخچىسى *Thieophylact Simocatta* ئۆزىنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن بىر ئەسىرىدە جۇڭگونىڭ شياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىمالىي جۇڭگوغا بېسىپ كىرگەن، چىغىناق — تاغاق پۈتۈكتە «تۇفاڭ»، «ۋېيفاڭ» (گۈيفاڭ) دەپ ئاتالغان خەلقنى «تۇران» لار دەپ يازغان.②

ئەينى زاماندا موڭغۇل دالىسىنىڭ (قۇملۇقنىڭ) جەنۇبىدىكى دىي دەپ ئاتالغان تۇرالارنىڭ فامىلىسى قەدىمكى جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدا دەسلەپ دى (翟) دەپ پۈتۈلگەنىدى. كېيىن بۇ دى خېتى ئۇلارنى سەتلەشتۈرىدىغان دى (狄) خېتى بىلەن يېزىلدى.③ شىمالدىكى دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۇرالارنىڭمۇ فامىلىسى دى ئىدى. دىيلار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ مۇنداق ئورتاق فامىلىگە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەسلى بىر مەنبەدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

«تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر تىلغا ئېلىنغانلار دىڭلىڭلار بولۇپ، كېيىن تېلېي (铁勒)، چىلې (敕勒)، دىلى (狄历) دەپ ئاتالغان. بۇلار دى دېيىلسىگەن④ ئېگىز ھارۋىلىقلار، قىزىل دى (赤狄) لارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، دەسلەپ دىلى (狄历) دەپ ئاتالغان. شىمالدا چىلې، خۇاشيالار (كېيىنكى خەنسۇلار) ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭلار دېگەن»⑤

①② چىن جۇڭمىيەن: «ئومۇم تۈرك تارىخى»، 2- قىسىم، 663-، 1046- بەتلەر.

③ ۋاڭ گوۋېي: «گۈيفاڭ، خۇنيى، شيەنيۈنلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، «گۈەنتاڭ مەجمۇئەسى»، 13- توم.

④ شى يىلىڭ: «جۇڭگو مىللەتلىرى تارىخى»، 72- بەت.

⑤ «ۋېينامە. ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۇنچيۇ دەۋرىدە دىي (狄) دەپ ئاتالغان تۇرارلار قىزىل تۇرا (赤狄)، ئاق تۇرا (白狄) ۋە ئېگىز تۇرا (长狄) لارغا بۆلۈنگەن.① ئېگىز تۇرالارۋە قىزىل تۇرالار قەبىلە گۇرۇھى ئىچىگە كىرەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن بەزى تۇرالار ئارىلاش تۇرا② (众狄) دېيىلگەن. ئۇلاردىن قىزىل تۇرالار ئەڭ قەدىمكى تۇرالار ئىدى.③

تۇرالارنىڭ قىزىل، ئاق تۇرالارغا بۆلۈنۈشى ئۇلارنىڭ قەبىلىۋى كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىلادىدىن بۇرۇنقى ھازىرقى موڭغۇل دالىسىدا ياشىغان چارۋىچىلار بىر خىل قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قامان دىنىدا كۆك، قىزىل، ئاق، قارىدىن ئىبارەت تۆت خىل رەڭ بىلەن تۆت تەرەپ بەلگىلىنەتتى. مۇنداق ئىپتىدائىي ئېتىقاد كېيىنكى ۋاقىتتا قەبىلە چارۋىچىلىرىنىڭ مەلۇم رەڭنى ياخشى كۆرۈشتەك پسىخولوگىيىلىك روھىي ھالىتىگە ئايلانغان. بۇنى ئۇلارنىڭ چىدىر، تۇغ ـ ئەلەم، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۈرلۈك بېزەكلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ خىل ئادەت ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدە نەچچە مىڭ يىللار داۋام قىلدى. ھونلار خەن پادىشاھى گاۋدىنى بەيدىڭ تېغىدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز مۇھاسىرە قىلغان چاغدا، «غەربتىن ئاق ئاتلىقلار، شەرقتىن كۆك ئاتلىقلار، شىمالدىن قارا ئاتلىقلار، جەنۇبتىن تورۇق ئاتلىقلار»④ باستۇرۇپ كەلگەن.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 588 ـ يىلى قىزىل تۇرالار جىن (晋) بەگلىكى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز قېرىنداشلىرى دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۇرالار ئارىسىغا كەتكەن. شۇڭا «ۋېينامە، ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى» دە، ئۇيغۇر (袁纥) لاردىن كېيىنلا تۇرا (狄) لار تىلغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، ئېگىز ھارۋىلىقلار قىزىل تۇرالارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىدە گۇمان بولمىسا كېرەك.

ھونلارمۇ مانا شۇ قىزىل تۇرالاردىن بولۇپ، ئۇلارمۇ دىلىي (狄历) دېگەن ئومۇم نام ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۇرالار بىلەن ھونلار تىل جەھەتتە بىر تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر تىل گۇرۇپپىسىغا كىرەتتى. ھونلار قۇدرەت تېپىپ دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، دىلىي دېگەن نام ئورنىنى ھون دېگەن نام ئىگىلىگەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە ھونلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرى ئىچىدە يەنە «چىلې» (赤勒) ئۇرۇقى بار ئىدى.⑤ چىلې بولسا، چىدىي (赤狄) دەپ ئاتالغان قىزىل تۇرالار يەنى دىي (狄) لاردۇر.

يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن قارىغاندا «سۇينامە تېلېلار (تۇرالار) تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى «ئۇيغۇرلار ھونلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن سۆز ئاساسسىز ئەمەس. بۇنى تىل جەھەتتىمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىن. سىماچيەننىڭ ئېيتىشىچە، ھونلار خۇدانى «تەڭرى» (撑犁)، ئۇنىڭ بالىسىنى

① «چۇنچيۇ. ئۇچ تەزكىرە».
② «زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى».
③ ۋاڭ گوۋېي: «گۇيفاڭلار، خۇنيى ۋە شيەنيۈنلار ئۈستىدە تەتقىقات» («گۇەنتاڭ مەجمۇئەسى» 13 ـ توم).
④ «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار تەزكىرىسى».
⑤ «جىنامە، شىمالىي تۇرا ۋە ھونلار تەزكىرىسى».

«قۇت»① (孤涂) دەيدۇ. ھونلار بىلگە (贤) دېگەن سۆزنى «تۇغ»② (屠耆)، ئىتـ
نى «گوچۇك» (狗楚)، ئايال بالىنى «قىز»③ (居次) دەيدۇ؛ ئۇلاردا يەنە بىرمۇنچە ئەـ
مەل ـ مەنسەپ ناملىرى تۈركچە ئىدى. مەسىلەن: «سول، ئوڭ ئىلخان»④ (左右犁汗)،
«سول، ئوڭ قۇلخان»⑤ (左右谷蠡王)؛ «قۇتبەگ»⑥ (骨都侯)، «باتىسقان چېچەن»
دېگەن بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر ـ تۈرك تىللىرىدا ھېلىمۇ قوللىنىلىپ
كەلمەكتە.

غەرب مەنبەلىرىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ، ئارال دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزدىن تارتىپ پامىر ئېتەكلىرىگە قەدەر، پېرسىيە (ئىران) ئېگىزلىكىدىن تارتىپ شەرقىي سىبىرىيىگە قەدەر سوزۇلغان بۇ كەڭ زېمىندا نۇرغۇن ئەسىرلەرداۋامىدا ئارىيان (*Aryan Origin*) لار بىلەن تۇران (*Turan ian jamily*) لاردىن ئىبارەت ئىككىچوڭ ئىرق ياشاپ كەلـ گەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان. بۇ ئۇرۇشلاردا تۇرانلار غالىپ كېـ لىپ، ئاخىر ئارىيانلارنى بېقىندۇرغان. بۇ خۇلاسىنىڭ ھۆكۈمنى چىقارغۇچى ئىنگلىز تا ـ رىخچىسى دوكتور بېللېۋ (*Dr.Bellev*) 1875 ـ يىلى ئېلان قىلغان «كەشمىر ۋە قەشقەرىـ يە» ناملىق كىتابىدا ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك فرانسوز يازغۇچىسى مىسسىئونېرخوك (*Missionar Hoc*) ئۆزىنىڭ 1844ـ، 1845ـ، 1846ـيىللىرى، «تاتار رايونى ۋە تىبەتكە قىـ لىنغان بىر قېتىملىق زىيارەت» ناملىق ئەسىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس ۋە تاجىكـ لار ئارىيانلارنىڭ قالدۇقى، ئۇيغۇرلار بولسا، تۇرانلارنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، تۇرانلارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. غەرب ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنى تۇرانلارنىڭ ۋەكىلى، تۇرانلارنى بولسا، ھونلار دەپ، ئاخىرىدا «ھونلار ئۇيـ غۇرلاردۇر» دەيدۇ. فرانسوز تارىخچىسى خوك يەنە بۇ ھونلارنىڭ مىلادى 376 ـ يىلى، ئۇيـ غۇرلار، ئۇگۇرلار، ھونگارىلار نامى بىلەن ياۋروپاغا كىرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇ نەرسىنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يۇقىرىقى تارىخچىلار بۇ ئىككى ئاتالغۇنى بىرلەشـ تۈرۈپ «ھون ياكى ئۇيغۇر» دەپ يازىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇيغۇر ۋە پارس قەدىمكى يازمىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان تۇرانلار توغرىسىدا پەقەت ئۇيغۇرلار تۇرانلارنىڭ ۋەكىلى دېيىش بىلەنلا چەكـ لىنىدۇ. لېكىن بىزگە شۇ نەرسە ئېنىقكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك جۇڭگو تارىخىـ دىكى دى (狄)، دىلى (狄历) دەپ ئاتالغان تۇرالار ھونلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مە ـ سىلەن: مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، پۈتكۈل موڭغۇل دالىسى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى ھەمـ دە جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرى ھون ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان چاغلارـ دا، دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۇرالارمۇ شۇلارنىڭ تەركىبىدە بولغان ۋە دىڭلىڭلارنىڭ بەزى ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى ھون ئۇرۇق-قەبىلىلىرىدىن ھېسابلانغان. ياۋروپا تىلشۇناسلىرىدىن

①② «خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى ـ 1» 3751-، 3751-بەتلەر.
③ «خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى ـ 2» 3905 ـ بەت.
④⑤⑥ «خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى-2» 3823 -، 3751-بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

كىلاپروتھون قەبىلىلىرى ئىچىدە «ئېگىز ھارۋىلىقلار» (ياكى بۈرۈنقى نامى بويىچە دىڭلىڭلار) قەبىلىلىرىنىڭ نامىلىرى بىلەن ئوخشاش نامىلار، يەنى ئوغۇر، ئونىغۇر، ئوتىغۇر، قۇتىغۇر، ساروغۇر① قاتارلىق نامىلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلىغان.

دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۈرالار «تاغ-دەريالار قامۇسى» دا، «دىڭلىڭ» (钉灵) دەپ پۈتۈلگەن. ئۇلار ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن خېنتاۋ قۇلتۇقى (ئوردوس رايونى) غا قەدەر بولغان كەڭ زېمىندا ياشىغان ۋە خېنتاۋ ئەتراپىدا يىلىڭ (شياڭ) سۇلالىسى دەۋرىدە گۈيفاڭ (鬼方) نامى بىلەن ئاتالغان. دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۈرالارنىڭ تارىخى «تاغ - دەريالار قامۇسى» دا خاتىرىلەنگەن جۇڭگونىڭ رىۋايەت دەۋرى شياڭ (商)، جۇۋ (周) سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مانا شۇ گۈيفاڭ دەپ ئاتالغان تۈرالاردىن باشلىنىدۇ. گۈيفاڭ دەپ ئاتالغان تۈرالار بولسا، شياڭ ۋە جۇۋ دەۋرلىرىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان دىي (狄) قەۋملىرىدۇ.

دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۈرالار ئىككى تارماققا بۆلۈنەتتى: شەرقىي تارمىقى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىي، ھونلارنىڭ شىمالىدا ئىدى؛ غەربىي تارمىقى بولسا، بالقاش كۆلى بىلەن ئېرتىش دەرياسى ئارىلىقىدا ئىدى. IV ئەسىرلەردىن II ئەسىرلەرگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا دىڭلىڭ دېگەن نام ئورنىنى تېلې دېگەن نام ئىگىلىدى. تېلې دەپ ئاتالغان تۈرالارمۇ ئاساسىي جەھەتتە غەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ ياشايتتى، تەڭرىتاغلىرى ئەتراپىدا ئۇخۇ (乌护) دەپ ئاتالغان ئوغۇزلار؛ شەرقتە بولسا، يەنى شىمالىي قۇملۇقتىكى توغلا ۋادىسى شىمالىدا ۋېيخې (韦纥) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار ياشايتتى. بۇ ئىككى قەبىلە بىرلىشىپ جۇڭگو تارىخىدا خۇيخې (迴纥) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلدى.

«ۋېي سۇلالىسى خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، جەنۇبىي يىلى باشلانغاندا (مىلادى I ئەسىرنىڭ باشلىرى)، ھونلار «زە ئېلىشىپ پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، خېشىرايونى ئەتراپىغا قېچىپ كەلگەن ھون قۇللىرى (زىلو) ئارىسىدا دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۈرالارمۇ بار ئىدى.

«شىڭمىڭ 2 - يىلى (مىلادى 478 - يىلى) تەيزۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە... دەسلەپتە يېجوۋ (سىچۈەندىكى چېڭدۇ شەھىرى) ۋالىيسى ليۇجۇن ئۆزىنىڭ قۇدرەتسىزلەنگەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن دىڭلىڭلارغا جاڭ جىڭشۇەننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئەلچى مىشامىشان (چارقىلىق) ئارقىلىق ئۆتۈپ ئۇدۇنغا (يەنى خوتەنگە) بارماقچى بولغان. مىشامىشاننى دىڭلىڭلار ئىشغال قىلىۋالغاچقا، خەلقى تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەنىكەن. ئۇدۇنلۇقلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. دىڭلىڭلار ھۆكۈمدارىنى تەڭرىخان دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار ئەلچى جاڭ جىڭشۇەننى قوبۇل قىلىپ، قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان»② بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا لوپنۇردىن خوتەنگىچە ئۇيغۇرلار ياشايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمدارلىرى بار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا «تۈرك» دەپ ئاتالغان قەبىلەرمۇ مانا شۇ دىڭلىڭ ياكى تېلې دەپ ئاتالغان تۈرالارنىڭ بىر قەۋمى ئىدى. ئەينى دەۋردە بىر

① «J. KlaProth: «Sur L. Ideutite das tou - kiue etles *h*iongnu dvec les turcs»

② «جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى» 59-جىلد «جۇجانلار تەزكىرىسى».

گەۋدە بولغان تۈرك-موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن ئوغۇزلار، ساراغۇرلار، قۇتىغۇرلار ۋە باشقىلار بۆلۈنۈپ چىقىپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئاساسىنى قۇردى.① تاتار ۋە باشقىرتلار ئەسلىدە قەدىمكى غەربىي ھون قەبىلىلىرىدىن ساراغۇر، ئون ئوغۇر، قۇتىغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تۈركۈمدىن ئىبارەت بولۇپ، تارىخىي جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئوغۇز قەبىلىلىرى بىلەن تۇغقاندۇر.②

بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي ئەجدادلىرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمى بولغان دىي — دىلىنى ياكى دىڭلىڭ تېلىي (تېلېي) دەپ ئاتالغان تۇرالاردۇر.

تەڭرى تاغلىرى جەنۇبىي، تارىم يوللىرى، يەنى پامىر - قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ غەربىدىن تاكى قۇرۇق تاغقا قەدەر بولغان كەڭ زېمىندا ياشىغان خەلقلەر قەدىمدىن تارتىپ ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالتاي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلق ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا.

چۇنچيۇ دەۋرىدە تارىم ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان ئۇرۇق - قەبىلەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مەلۇم بولغانلىرى «يۈشى» (禺氏) لار ئىدى③. تارىختىكى ھۆججەت - ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۈشىلار ساك دەۋرىدە ئوردوس ئەتراپلىرىدا «دىي» (狄) دەپ ئاتالغان تۇرالار بىلەن ئارىلاش ياشىغان. كېيىن ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچكەن، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان «يۈجۈ» (禺知) دالىسى ۋاڭ گوۋېينىڭ ئېنىقلىشىچە، يەنمېن(ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شيۇ) نىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. باشقا بىر تارمىقى بولسا، تارىم ئويمانلىقىغا كۆچكەن. يەنى «دىلىي» دەپ ئاتالغان تۇرالار خۇڭخې بويلىرىدىن يەنىمۇ شىمالغا ۋە ئۇندىن كېيىن غەربكە سۈرۈلگەن چاغلاردا يۈشىلارنىڭ بىر قىسمى شەرققە ۋە يەنە بىر قىسمى غەربكە سۈرۈلگەن. بۇ ئۇلارنىڭ بىرىنچى كۆچۈشى ئىدى. كۆچمە قۇمنىڭ غەربىدىكى « يۇ » دېگەن قەۋم، ئېھتىمال، كۆچمە قۇم (流沙) تەرەپكە كۆچكەن يۈشى (禺氏) لار بولسا كېرەك④. كېيىنكى ھۆججەتلەردە بۇ خەلقنىڭ نامى ھەر خىل خەتلەر بىلەن يېزىلغان. مەسىلەن: «جوۋنامە، ۋاڭ خۇي بابى»، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»، «گۈەنزى» (管子) قاتارلىق كىتابلاردا «يۈشى» (禺氏) ياكى «يۈجۈ» (禺知) دەپ يېزىلغان. خىي چۇتاۋ «جۇنامە، ۋاڭ خۇي بابىغا ئىزاھات» ناملىق كىتابىدا، «يۈسى» (禺氏) يۈشى (月氏) شۇدۇر دەپ ئېنىقلىغان. ۋاڭ گوۋېي، شۇي جۇڭشۇ ئەپەندىلەر بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. يۇقىرىقى كىتابلاردىن بىلىنىدىكى، يۈشى (月氏) قەۋمى جۇ سۇلالىسى دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بار ئىدى. «جۇنامە، ۋاڭخۇي بابى» دا، يۈشىلارنىڭ ئورنى داشيانىڭ غەربىدە دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» دە كۆرسىتىلگەن يۈشىلارنىڭ ئورنى — دۇڭخۇاڭ

① ن. باسكاكوۋ (سوۋېت): «تۈركىي تىللار» ئۇيغۇرچە، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، «تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەكىللىنىشى»، «ئالتاي دەۋرى» 58 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، «تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارىخى»، «ئۇيغۇر - ئوغۇز گۇرۇپپىسى» 340 - بەت.

③ جەن بوزەن: «تارىختىن ئىلگىرىكى چاغلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇرۇق - ئايماقلارنىڭ مۇناسىۋىتى».

④ «گۈەنزى» «كىچىك ۋىلايەتلەر» بابى.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن تىلەنتاغ （祁连山） ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە» دە، چىن （秦） ۋە خەن （汉） دەۋرى ئارىلىقىدىكى يۈەشىلار سۆزلەنگەن. بۇ يۈەشى قەۋملىرىنىڭ قۇدرەت تېپىپ، خېشى كارىدورىنى كونترول قىلىپ، ھونلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرغان ۋاقتى ئىدى. جىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بولسا، ئۇلار داشىيا ۋە چۈەنرۇڭلار بىلەن بىر قاتاردا قويۇلغان.

«گۇەنزى» كىتابىدىكى يۈەشىلار توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەردىن قارىغاندا، «قاشتېشى يۈەشىلاردىن چىقىدۇ»، «شىمالدا يۈەشىلار قاشتېشى ئىشلىتىدۇ»، «قاشتېشى يۈەشىلارنىڭ چېگرىسىدىكى تاغدىن چىقىدۇ، بۇ تاغ بىلەن جىڭ سۇلالىسى ئارىلىقى 7800 چاقىرىم كېلىدۇ.» يۈەشىلار مانا شۇ جىڭ سۇلالىسىدىن 7800 چاقىرىم يىراقلىقتىكى «ئۇدۇن» （خوتەن） تەرەپلىرىگە جايلاشقان ئىدى.

يۈەشىلار دەسلەپ كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئىدى. «مال چارۋىلارغا ئەگىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. ئۆرپ - ئادىتى ھونلار بىلەن ئوخشاش».① «نەسلى - نەسەب جەھەتتە دىلىي （دىڭلىڭ）، ئۇيسۇن، ئوغۇر （ئوغۇز） لارغا ئوخشاش قەدىمكى قىزىل تۇرالاردىن ئىدى».② كېيىنكى ۋاقىتتا غەرب ئالىملىرى «ئىپتالىت» دەپ ئاتىغان «ئابدال دۆلىتى» （مانا شۇ） يۈەشىلار نەسلىدىن بولۇپ، ئوغۇز （车师） لارنىڭ بىر تۈرى ئىدى… ئۆرپ-ئادىتى تۈركلەرگە ئوخشايتتى»③… كېيىنكى خەننامە 118 جىلىد «غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە، ئىپتالىتلار ئارقا ئوغۇز （车师后部 ئۇرۇمچى ئەتراپى） لارنىڭ خانزادە ئۇرۇقى بولۇپ، بەنيۈك بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ھونلارغا زەربە بەرگەن دېيىلىدۇ؛ «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى» «غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە بولسا، «ئىپتالىتلار ئۇلۇغ يۈەشىلار ئۇرۇقىدىن بولۇپ، قوچو لۇقلارنىڭ بىر خىلى دېيىلگەن. «جوۋنامە»، «سۈينامە» قاتارلىق قەدىمكى كىتابلاردىمۇ شۇنداق دېيىلگەن؛ «تاڭنامە، غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە ئىپتالىتلار تارىخىنى ئىزاھلىغاندا، ئۇلارنى ئۇلۇغ يۈەشىلاردىن دەيدۇ. يۈەشىلارنىڭ بىر تارمىقى قارا شەھەردىن چىقىپ ئىسسىق كۆل، سىر دەريا ۋادىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان ۋە ئۆزلىرىنى ئىپتالىتىس دەپ ئاتىغان. كېيىن كۈچلۈك پارس شاھى فىروز （Prouz） نى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدا يۈەشىلار ۋە ئۇيسۇنلارنى «يۈن فامىلىلىك رۇڭ» دەپ، ئۇلارنى ئېتنىك جەھەتتە چياڭلارغا باغلاپ قويىدۇ. چياڭلاردىن پەرقلەندۈرمەيدۇ. لېكىن «كېيىنكى خەننامە» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، خۇاڭجۇڭ يۈەشى «خۇ» (胡) لىرى ئاساسەن خۇاڭجۇڭ، لىڭجۇيلەرگە تارقالغان، يەنە بىر نەچچە يۈز ئائىلە چاڭيېڭغا جايلاشقان بولۇپ، «ئىتائەت قىلغان خۇ» لار دەپ ئاتالغان. ئۇلار چياڭلار بىلەن ئارىلاش ياشىغان، ھەتتا ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولغان، لېكىن يۈەشىلار چياڭلاردىن پەرق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا «خۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

---

①③ «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى»، «غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» بابى.

② ليۇيىشاڭ «تۈركلەرنىڭ تېگى - تەكتى ۋە باش كۆتۈرۈشى （تەيۋەن） سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېت «چېگرا سىياسىتى» ئىلمىي ژۇرنىلى، 4 - سان، 1965 - يىل 5- ئاي.

دېمەك، يۆشىلار چۇنچيۇ دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەن، نەسىل ـ نەسەب جەھەتتىن قىزىل تۇرالاردىن بولغان تۈركىي خەلق ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ «يەنە بىر ئۇرۇقى دۇم (龙家) لاردۇر. ئۇلارنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادىتى ئۇيغۇرلاردىن سەل پەرق قىلىدۇ»①، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن دۇملارنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دۇملار خېشى رايونىدا تۇراتتى. ئۇلار ئەنە شۇ يۆشىلاردىن بولۇپ، خېشى رايونىدىكى گۇاجوۋ، تاجوۋ ۋە قۇمۇل ئەتراپلىرى ئۇلارنىڭ ئەسلى ماكانلىرى ئىدى. بۇلار دەل يۆشىلار غەربكە كۆچكەندە ئۆز جايىدا كۆچمەي قېپقالغان كىچىك يۆشىلار ئولتۇراقلاشقان يەرلەردۇر. دېمەك، خېشى رايونىدىكى دۇملار كىچىك يۆشىلارنىڭ بىر تارمىقىدۇر.

قەدىمكى زاماندىن ئوتتۇرا قەدىمكى زامانغا قەدەر تەڭرىتاغلىرى جەنۇبىدىكى شەھەر دۆلەتلىرى ئاھالىسى ئاساسەن مانا شۇ يۆشى ۋە ساكلار ئىدى. يۆشىلارنىڭ تىلى ئالتاي تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتى بولۇپ، بۇ قارا شەھەر تىلى ۋە كۇچار تىلى ياكى توخرى تىل دەپ ئاتىلاتتى.

تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەت ماتېرىياللاردىكى «تىخرى» ياكى «توخرى» سۆزى قەدىمكى جۇڭگو تارىخىدىكى مانا شۇ «يۆجژ» (يۆشى) لارنى ۋە ئۇلارنىڭ «تىلى» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ غەرب تارىخىدىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان «توخار» لار ياكى «توخار تىلى» ئەمەس. 2 ـ جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى كوشان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ بىرى بولغان Surkhkotar دېگەن يەردىن كوشان خانى كانىشكانىڭ قەبرە تېشىنى تاپقان. بۇ ـــ يۇنان يېزىقىدا يېزىلغان، ئىلگىرى مەلۇم بولمىغان توخار تىلى ـــ شەرقىي ئىران تىلىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى.② بۇ شۇەن ۋاڭ خاتىرىسىدىكى توخار تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەقىقىي توخار تىلى مانا شۇ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قارا شەھەر، تۇرپان ئەتراپىدا قوللىنىلغان توخرى تىلى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن كېيىن «توخار تىلى» دېيىلمەستىن، قارا شەھەر تىلى، كۇچار تىلى ياكى توخرى تىلى دېيىلىدىغان بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تىلنى «توخرى تىلى» دەپ ئاتىشى، بەلكىم، يۆشى (يۆجژ) لارنىڭ توخارىستاندا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

توخرى تىلى ئالتاي تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركىي تىل ئېلېمېنتلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن: يۆجژ (توخرى) لار توخارىستاننى بېقىندۇرغاندىن كېيىن، بەش يابغۇلۇققا بۆلۈنگەن. «يابغۇ» تۈركچە سۆز بولۇپ، «خان» (翖侯) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كوشان خانلىرى پۇللىرىدىكى كوشان خانلىرىدىن بىر

① «يېڭى بەش دەۋر تارىخى»، 74 جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

② ۋ. ب. خېنىڭ: «باكتىرىيە قەبرە تېشى ئۈستىدە تەتقىقات».

(Th Bactrian Inscription· BSOAS. Vol, 23· 1960, P· 45);

ئې. بېنۋېنىستى: «باكتىرىيە قەبرە تېشى ئۈستىدە تەتقىقات»

Inscription de Betriane. JA . Vol, 259, 1961, P·P. 151 152·

www.uyghurkitap.com

رى بولغان Kara Kaphes (Kadphes I) تۈركچە «Kara» سۆزىنى ئۆزىگە ئۇنۋان قىلىغان. «چوڭ»، «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆزنى قارا خانىلار دۆلىتى خانلىرىمۇ قوللانغان.

قەدىمكى ئۇدۇن بىلەن يۆشىلار (يۆجژلار) ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى تارىخىي ھۆججەتلەر ئىسپاتلايدۇ، چۈنكى، ئۇدۇندا سەلتەنەت سۈرگەن ۋىيجايا (ياكى «ۋىيسايا») ئەسلى يۆشىلار قەۋمىدىن بولغاچقا ئۆزىگە قەۋم نامىنى سەلتەنەت نامى قىلىغان بولۇشى مۇمكىن.①

تاڭ دەۋرىدە شۈەن جۇاڭ ئۇدۇن ئارقىلىق شەرققە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، توخۇلار — توخرى (يۆشىلاردىن كېيىن تاپقان خەلق نامى) قەدىمكى شەھىرىنى كۆرۈپ «مەملىكەت ئۇزاقتىن بۇيان قۇرۇقدىلىپ، شەھەر تاشلىنىپ كەتكەن» دېگەن. تاڭ دەۋرىدە ئۇدۇن (خوتەن) شەھىرى خارابىغا ئايلانغانىدى. ئۇدۇن ۋىيجايا (ۋىيسايا) جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «پايتەختىنى كۆچۈرۈپ، دۆلەت قۇرۇپ، ئەلنى ئامان قىلغان». بۇنىڭ ۋاقتى تىبەتچە «قەدىمكى ئۇدۇن» ناملىق كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇددا ئالەمدىن ئۆتۈپ، 234 يىلدىن كېيىن (بۇددا — ساكيامۇنى مىلادىدىن بۇرۇنقى486 — يىلى ئۆلگەن)، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى252 — يىلى يۆشىلاردىن بىر قەۋم ئۇدۇندا دۆلەت قۇرغان.

تارىم ئويمانلىقى ئوتتۇرا شىمالىغا جايلاشقان قارا شەھەر، كۇچارمۇ يۆشىلار بىلەنمۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم. ھازىرقى كۇچارنىڭ «قەدىمكى نامى يۆجژ (肢) ياكى يۆشى② (月氏) ۋە ياكى كۇيتىسى (屈茨) دېيىلىدۇ. يات ئەللەردە دۆلەت نامى ئۆلگەن پادىشاھنىڭ نامى ياكى يەر — جاي نامىرى ۋە ياكى شەھەر نامىرى بىلەن ئاتىلاتتى. بۇگۈنكى كۇنىدە (كۇچار) گۇيتىسى (龟兹) دۆلىتى دەپ ئاتىلىدۇ…③

ئېۋىرغۇل (قۇمۇل) دا يۆشىلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقى بار. ئۇ چاغلاردا بۇلار «جۇڭيۈن» (仲云) دەپ ئاتالغان. «شاجۇنىڭ غەربىدە جۇڭيۈنلار بار. ئۇلارنىڭ بارگاھى ئۇلۇغ قۇمغا (胡卢音) جايلاشقان④ جۇڭيۈنلار كىچىك يۆشىلارنىڭ قالدۇق نەسلىدۇر…»

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخ ماتېرىياللىرى — «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» قاتارلىق كىتابلىرىنى تەكرىتاغلىرى جەنۇبىي ئېتەكلىرى، يەنى تارىم ئويمانلىقىشىمالىدىكى شەھەر نامىلىرى تۈرك (ئۇيغۇر) چە ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. «خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە، قەشقەر «سۇلي» (疏勒)، ئاقسۇ «قسۇم» (姑墨)، ئۇچتۇرپان «ئونسۇ» (温宿)

---

① (تىبەتچە) «قەدىمكى ئۇدۇن» (بۇ كىتاب ئاپتورى بۇددا راھىبى بولۇپ، XI ئەسىرلەردە قارا خانىلار ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا تىبەتكە قېچىپ كەتكەن). بۇ كىتابنىڭ تولۇق نامى R. E. Emmerick نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بويىچە «قەدىمكى ئۇدۇن توغرىسىدىكى تىبەتچە خاتىرىلەر».

«Tibetan texts Condilrining Khotan» (London, Oriental Series Volume)

② شى (氏) — خەن دەۋرىدە«جژ» (支) ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار.

③ خۇيلىن — «بارلىق نوم تەلەپپۇز — مەنىلىرى» (一切经义)، 22 — جىلد، كۇچار (كۇجژ — 屈) دۆلىتى ماددىسى؛ شى لىن؛ «بارلىق نوم تەلەپپۇز — مەنىلىرى داۋامى» دىمۇ شۇنداق دېيىلگەن.

④ ئۇلۇغ قۇم — قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدا

دەپ؛ «خەننامە. جىلىق، تاڭ تەزكىرىسى» دە، ھازىرقى ئىلى دەرياسى يېنىدا ئىلى (伊列) دەپ پۈتۈلگەن.

×　　×

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا ۋادىلىرىدىكى ئاھالىلەر توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر، ئەڭ قەدىمكى مەلۇماتلارنى شۇ دەۋردىكى گىرېك (يونان) ئاپتورلىرى بېرىدۇ. ئۇندىن قالسا، ئاخمانىلار سۇلالىسىدىن بولغان پارس پادىشاھلىرى يازما يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا شىمالىي تۈركىستاندىكى سكىتلار، ئۇلارنىڭ شەرقىدىكى سارماتلار، ھېركانىيە (كاسپىي) دېڭىزى شەرقىي ۋە سىر دەرياۋادىسى بويلىرىدىكى ماساغېتلار تىلغا ئېلىنىدۇ. غەرب ئالىملىرى يونانلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە بۇ خەلقلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «سكىت» لار دەپ ئاتايدۇ.①
پارس دارا I دەۋرىدىكى توزۇق تاش يازمىلىرىدا ساكالار ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. بۇلار تەخمىنەن ئارال دېڭىزى شەرقىي، ئامۇ دەريا ۋادىسى شىمالىدىكى كەڭ رايوندا ياشايتتى.② غەرب تارىخچىلىرى بۇلارنى جۇڭگو تارىخىدىكى «ساك» (塞种) لار شۇ دەپ قارايدۇ، يەنە جۇڭگو تارىخىدىكى «ساك» لار ھېرودوتنىڭ «تارىخ» كىتابىدىكى «سكىت» لار پارس ئابىدىسىدىكى «ساكا» لار شۇ دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلارنى ھىندىسكىتلار دەپ ئاتايدۇ. ساكالارنى ئىرقى جەھەتتە پارس تاش سۈرەتلىرىدىكى رەسىملەرگە قاراپ كافكاز تىپى ياكى ئاق ئىرق گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ دەيدۇ؛ تىل جەھەتتە ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئىران تىلىغا كىرگۈزىدۇ.

يونان ۋە لاتىن ئاپتورلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە شەرقىي ياۋروپادا، ئىدىل ۋە خەزەر (كاسپىي) دېڭىزى شەرقىدە ھەمدە تاكى سىبىرىيىدە (يېپەك يولى) چېگرىلىرىغا قەدەر سوزۇلغان كەڭ زونىدا قانداق قەۋم ۋە قەبىلەر ياشىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ ساناپ كۆرسەتكەن. لېكىن بۇ قەۋم ۋە قەبىلە ناملىرى ياكى جۇغراپىيىلىك ناملار يونانلىقلارغا ئىرانلىقلار ئارقىلىق مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىرانچە ناملار يونانچىلاشتۇرۇلغان ھالدا يېزىلغان.

يونان، لاتىن ئەسەرلىرىدە زىكرى قىلىنغان قەبىلەر ئىسىملىرى كۆپىنچە «تۈركىي» قەبىلەر ئۇرۇغ ناملىرى، يەنى كېيىنكى ۋاقىتتا «ئېگىز ھارۋىلىقلار» ياكى «تېلې» دەپ ئاتالغان تۇرالارنىڭ ئۇرۇغ - ئايماقلىرى ناملىرى ئىكەنلىكى بايقىلىدۇ. مەسىلەن:
*Camac* — قاماق (قامىق)، *Comar* — قومار، *Kumita* — كومىر، *Cam* — قاڭ، *Kotier* ياكى *Kasir* — قەزەر ياكى گاسار، *Carat* — قارات، *Khun* — قۇن ياكى خۇن، *Sabir* — سابىر ياكى سۇبار، سىۋار، *Borsunsk* — بورسۇق، *Avarin* — ئاۋار، *Apar* — ئاپار. بۇ قەبىلەردىن بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغانلىقى ئېنىق. بۇ ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاخىرىدا «ات» ۋە «ىت» قوشۇمچىلىرى (ئالتاي تىللىرى بويىچە) كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تارىخىي

① ۋ. م. مېيكۈدىن (ئامېرىكىلىق): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخىي»، خەنزۇچە، 1958- يىل نەشرى، 50 - بەت.
② ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي»، 1-توم، 17- بەت.

مەنبەلەردە، «ئازدغارت»، «جايىق» (يايىق) نامىلىرى *Daikh* ۋە *Askat* شەكلىدە، «ئۇيغۇر» سۆزى *Oykhard* ياكى *Oykhor*، «قاز» نامى *Kasia*، «تۈرك» نامى *Turcae* ياكى *Nurkae* شەكلىدە يېزىلغان. ①

قەدىمكى زاماندىكى بۇ ئۇرۇق-قەبىلىلەر بىر يەردىلا تۇرمىغان، ئۇلار تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىللاردا غەربىي سىبىرىيە ۋە جەنۇبىي ئورال رايونلىرىدا ياشىغان كۆچمەنلەر بولۇپ، كېيىن شەرققە ۋە جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن؛ بىر قىسمى پەيدىن-پەي ئولتۇراقلاشقان ۋە مىس مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئارخېئولوگلار يېڭى تېپىلغان خارابىلەرغا قاراپ، ئۇ ئادەملەرنى «ئاندرونوۋو مەدەنىيىتى قەبىلىلىرى» دەپ ئاتىغان. ئۇلار شەرققە قاراپ تاكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي چېگرىلىرىغا قەدەر بارغان ۋە ئۇ يەردىكى قەدىمكى قەبىلىلەر بىلەن ئۇچراشقان. ئاندرونوۋو مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەبىلىلەر ساكا ۋە ماساغىتلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. «ساكالارنىڭ جىسمانى قىياپىتىدە ئاندرونوۋو ئانتروپولوگىيىلىك تىپى دەپ ئاتالغان ئىنسانلار ئاساس بولغان...»②

ساكالار مىلادىدىن بۇرۇن VII – VIII ئەسىرلەردە ئارال كۆلىنىڭ شەرقى ۋە بالقاش كۆلىدىن پامىر ئېگىزلىكىگە قەدەر بولغان زېمىندا كەڭ تارالغان. تەڭرىتاغلىرى بويلىرىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرمۇ شۇ دەۋرلەردە «ساكا» دېگەن ئومۇم نام ئىچىگە كىرگەن. ئۇلار تىل ۋە ئېتنىك جەھەتتە بىر-بىرىگە يېقىن ئىدى. ھىرودوتنىڭ «تارىخ» كىتابىدا قەيت قىلىنىشىچە ۋە يېقىنقى ۋاقىتلاردا تېپىلغان خارابىلەر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000-يىللارغا ئائىت) تېپىندىلىرى بۇ قەبىلىلەر بىلەن ساكالار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئورتاقلىقلار بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار مال باقاتتى، چىدىرلىق ھارۋىلاردا ئولتۇراتتى، ئوت-چۆپ، سۇ توغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. ساكالار ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە ھون-تۈرك-ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇلارمۇ ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى، قان ئىچىپ ئەستىپاق تۈزەتتى، ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنى ئىچىملىك قاچىسى قىلاتتى، ئاتىسى ئۆلسە، ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قىلاتتى. «تۈركلەرنىڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكى شەرققە قارايتتى»، «كۈن چىقىشنى قەدىرلەيتتى» ③ ساكالارمۇ بۇ جەھەتلەردە ئۇلار بىلەن ئوخشاش ئىدى. ساكالار قۇياشقا چوقۇناتتى، ئاتنى قۇربانلىق قىلاتتى، ھونلار بولسا، ئاق ئاتنى قۇربانلىق قىلاتتى④ ئۇيغۇرلار چۈشىدە ئاق ئاتقا مىنسە، ئۇنى «ياخشىلىق» دەپ بىلەتتى؛ ئۇيغۇرلار ئاي ۋە كۈنگە تەڭ چوقۇناتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىدا ئاي، كۈن كەڭ قوللىنىلغان. مانا بۇ ساكا-ھون-تۈرك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار بۆرىنى تۇتېم قىلغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «ساغ»،«ساغا» سۆزى ھازىرقى ئىران تىلى بويىچە «بۆرە» (ياكى «ياۋايى ئىت»)

① يۇنان ۋە لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى ئايرىم بىر كىتاب قىلىپ توپلانغان.
(*J*. Maxgart، wehrol und arang leiden، 1938 ، 71 – 72)

② «قازاقچە سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 1981-يىل، ئالمۇتا.

③ لىيەن شۇ: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 99-جىلد «تۇرالار تەزكىرىسى».

④ «جىنامە. ھونلار تەزكىرىسى».

مەنىسىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇنىڭدىن ساكالارمۇ بۆرىنى تۇتېم قىلغانىمىدىكىن دېگەن گۇمان
تۇغۇلىدۇ. مانا مۇشۇ ساكالار جۇڭگونىڭ شىمالىدا دىي(تۇرا) دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك.
ساكالار ناھايىتى جەڭگىۋار ئىدى. سىر دەريا ۋادىسى شىمالىدىكى رايونلار، جۈملىدىن ئىلى
ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغلىرى شىمالىي ئېتەكلىرىدە ياشىغان ساكالار مانا شۇنداق جەڭگىۋار
ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلغانىدا، سا-
كالار ئۇنىڭغا قارشى قاتتىق كۈرەش قىلغان. ئىسكەندەر بۇلار بىلەن بىر قانچە قېتىم
قانلىق ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىنى قوغداشقا مەجبۇر بول-
غان. كېيىن ساكالار جەنۇبقا قاراپ راۋاجلىنىپ، بىر مەزگىل شەرقىي ئىراننىڭ كۆپ قىس-
مى ۋە شىمالىي ھىندىستاننىڭ خوجىسى بولغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»
ناملىق ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن رىۋايەتتىكى ئىمپېراتور ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇش-
قان ۋە ئىسكەندەر تەرىپىدىن اينان ضذ خرند① (*huzhurənd*) دەپ نام ئالغان
ساكالار ھازىرقى ئۇيغۇرلار شۇ. ئىران شاھى خىسراۋ II بىلەن ئۇرۇشقان تۇران شاھى ئەف-
راسىياب مانا شۇ ساكالاردىن ئىدى. ئۇنىڭ پايتەختى ئەينى زاماندا مانا شۇ ھازىرقى قەش-
قەر ئىدى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە ئالىپ ئېرتوڭا (ئەفراسىياب) پادىشاھلىق قىل-
غان دۆلەتنى «تۇران» دەپ ئاتىغان بولسا، «كوشان سەنئىتى» ناملىق كىتابتا ئوتتۇرا ئا-
سىيا ساكالىرىنى «قەھرىمان تۇرالار» دەپ يازغان. ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەفراسىيابى-
نى ئۇيغۇر خاقانى دەپ رىۋايەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. مەھمۇت قەشقەرى ئۇلارنىڭ
ئىسكەندەرگە قارشى كۈرەشلىرىنى تەرىپلەپ كېلىپ، يەنە «ئۇلار ئىسكەندەرگە قارشى جەڭ
قىلغان چاغلاردا ئوتراز، ئىسپىجاب، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر تېخى بىنا
قىلىنمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا يا-
شايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كۆچۈرەتتى»② دەيدۇ.

«بەزى ئەڭ ئالدىنقى ئىلغار قەبىلىلەردە — ئارسلار، سىمىنلاردا ۋە ئېھتىمال
تۇرانلاردىمۇ ئەڭ بۇرۇن ھايۋانلارنى قولغا ئۆگىتىش ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى
چاپتۇرۇش، پەرۋىش قىلىش ئاساسىي مەشغۇلاتقا ئايلاندى. چوپانلىق بىلەن مەشغۇل بولغان
قەبىلىلەر باشقا ۋار - ۋارلار قاتارىدىن ئاجرىلىپ چىقتى. بۇ، بىرىنچى يىرىك ئىجتى-
مائىي ئەمگەك تەقسىماتى ئىدى... تۇران ئۆلكىسىنىڭ ئىقلىمى شارائىتىدا ئۇزاق ۋە قات-
تىق قىش مەۋسۇمىگە يەم - خەشەك زاپاس قىلىپ قويماستىن تۇرۇپ چوپانلىق ھاياتىنى
كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ دېمەك، بۇ يەردە يېچانلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە ھەر خىل
دان ئاشلىق ئېلىش زۆرۈر شەرت ئىدى... لېكىن، ئەگەر ئاۋۋال دان ئاشلىقنى ھايۋان-
لار ئۈچۈن ئەتكەن بولسا، بۇ، تېز ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ئوزۇق - تاماق بولىدى»③
ئاللىقاچان چارۋىچىلىق ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتكەن تۇرانلار — ساكا

① huzhur nd — «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 151 - بەت (... ئۆز ئوزدىقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار).
② مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 3 - توم، 566 - بەت.
③ ف. ئېنگېلس: «ئائىلىنىڭ، خۇسۇسىي مۈلكنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» («شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، تاشكەنت، ئۇيغۇرچە، 1953- يىل).

ياكى سىكىنلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيىتى كۆپ جەھەتتىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000- يىللار- دىكى قەبىلىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكىس ئەتتۈردۇ. قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇش مەجبۇ- رىيىتى بىلەن داۋاملىق كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدا ئات مىنىش مەدەنىيىتىنى ئالدى بىلەن تۇرانلار راۋاجلاندۇرغان.

ساكالارنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى توغرىسىدا خەنسۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىمۇ بايان قىلىنغان. ساكالار تارقىلىپ بىرقانچە ئەل بولۇپ كەتكەن، سۈلى (قەشقەر) نىڭ غەربىي شىمالى، ئىپەركەشتام، سىندى (ھىندى) تەۋەلىرى قەدىمكى ساكالار نەسلىدىندۇر.①

ساكالارنى بىر مۇنچە غەرب ئالىملىرى ھىندى- ياۋروپا تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلق دەپ قارايدۇ. لېكىن مۇتلەق كۆپچىلىك ئالىملار (ئارىستوپ، تىدۇئارمىپېر، كىلافروت) ساكا- لارنى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلق دەپ قەتئىي ھۆكۈم قىلىدۇ.② ئارىستوپ ھەتتا ياقۇتلارنى، سىبىردىكى ساغايلار ۋە قىرغىزلارنىڭ ساياق قەبىلىسىنى ئەنە شۇ قەدىمكى ساكالار ئەۋلادلىرىدىن دەپ قارايدۇ.③ قەدىمكى ھىندى رىۋايەتلىرىدىمۇ «ساكا»، «تۇرۇشكا» ۋە «ھونا» نامىلىرى بىلەن ئەينى زامانلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى ئاتايدۇ.④ ئەينى ۋاقىتتا قازاقىستانغا تارقالغان قەبىلىلەر ساكالارنىڭ شىمالدىكى گۇرۇھى ئىدى. ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى.⑤

قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ تىلى توغرىسىدا تەتقى- قاتچىلارنىڭ كۆپچىلىكى «ئاۋىستا»دا بېرىلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۇلارنى شەرقىي ئىران تىلىدا ۋە ھىندى- ياۋروپا تىل ئائىلىسىنىڭ ھىندى- ئىران تارمىقىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىللىقنىڭ باشلىرىدا بۆلۈنۈپ چىققان دىئالېكتلاردا سۆزلەشكەن ئىكەن دەپ مۆلچەر قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى قە- بىلىلىرى ئەڭ دەسلەپ تۈركىي تىللار بىلەن نىسبەتەن بالدۇر تونۇشقانلىق ئېھتىماللىقىمۇ زادىلا رەت قىلىنغىلى بولمايدۇ. مەركىزىي قازاقىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ قەدىمكى تۈرك- موڭغۇل تىل ئومۇملۇقىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىللىقنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەكىللەنگەن تۈرك تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر «ئالتاي» قەبىلى- لىرى دەپ ئاتالدى. ياۋروپا- ئاسىيادا ئىلگىرىدىكى خەلقلەرنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشلىرى، ئۇلارنىڭ قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى ئاھالىلىرى بىلەن تىل جەھەتتە مۇناسىۋەت قىلىشلىرىغا كەڭ ئىمكانىيەت ياراتقان.

ئۇچلۇق تۇماقلىق ساكا (*saka Tigrakhud*) نىڭ ۋەتىنى قەشقەر ۋە ئوتتۇرا تەڭ- رىتاغلىرى ئىدى. گېرىك ئاپتورلىرى ئۇلارنى *Amirgio* دەپ ئاتىغان؛ پارىسلار بولسا، خاۋما ۋارگا ساكالىرى (ئىچىملىك قېيمىمىز بولسا كېرەك — تەييارلىغۇچى

---

①«خەننامە، غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى -1»، يەن شىگۇنىڭ شەرھى: (ھىندىستاندىكى) سىكا نەسلىمۇ شۇلاردىن؛ ۋاڭنىڭ ئىزاھى: شۇي سۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، «جاڭچيەن تەزكىرىسى» دە، سىك — غەربىي ئەلدىكى مەم- لىكەت نامى، يەنى «بۇددا سوترا» سىدىكى سىكالار شۇلاردىندۇر. سىكا بىلەن ساكا سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى يېقىن بو- لۇپ، ئەسلىدە بۇلار بىر جەمەت ئىدى (سىكا مۇنىي — سىكا خەلقىنىڭ پەيغەمبىرى دېگەن سۆزدۇر).

② Mordtmann, d. ZDMG, XXV. 61, 77, 79, 82P.

③ H. Apuctob, Pyccкuü an Tponoroz Ucyp Hal, 1900, 3№ 63 — 64C.

④ pun dahisit, ed justi. Leipzig, 1868, Sap XXX 39 — 40P.

⑤ «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئومۇمى تارىخى».

ساكالار) دەپ ئاتىغان؛ ھىرودوت بۇلارنى سىكىف دېسە، پارىسلار ساكا دەيدۇ. ئومۇمەن پارىسلار ئەڭ بالدۇر ئۇچراشقان ساكالار مانا شۇلار. بۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ئامۇ ۋە مورغان دەريالىرى بويلىرىدا بولسا كېرەك. بۇ يەرلەر قەدىمكى باكتېرىيە ۋە مارغىيان ئايماقلىرى ئىدى. يەنە بەزى ئالىملار ئېيتقان «ساكا تۋا پارا سوگدام» (سوغدىلارنىڭ ئۇياقىدىكى ساكالار) مۇ مانا شۇ خاۋماۋارگا ساكالىرىغا قارىسا كېرەك. بۇلار ھازىرقى تاشكەنت ئوبلاستى ۋە پەرغانە دالىلىرىدا ياشىغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V — VI ئەسىرلەردە پەيدا بولغان كونا ئىران دىنىي كىتابى «ئاۋىستا» دا ئىراننىڭ شەرقىدىكى خەلقلەر — ئايرىيا، تۇرا، سايرىما، داخى دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان «تۇرا» كونا ئىران ئىمپېرىيىسىدە ئولتۇراق دېھقان ئايرىيالار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرىدىغان «تۇران ئويمانلىقى» دىكى قەبىلىلەردۇر. تۇرالار ياشايدىغان جاي — تۇران ئويمانلىقى بولسا، كاسپىي دېڭىزى شەرقىدىكى ئۇچى — قىرى يوق كەڭ داللارنى كۆرسىتىدۇ. پارىس قوزۇق تاش يازمىلىرىدا ئىراننىڭ شەرقىدىكى قەبىلىلەر ساكا دەپ ئاتالغان. ئىران، گېرىك، لاتىن، جۇڭگو ۋە باشقا ئەللەرنىڭ يازمىلىرىدا تۇرالارنىڭ كۆپچىلىكى مانا شۇ ساكا دېگەن نام بىلەن ئۇچرايدۇ. ساكالارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان قىسمى بولسا، جۇڭگو تارىخىدا دي ( 狄 ) دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. دي (狄 ) تۇرا سۆزىنىڭ قىسقارتىلىپ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن، ھازىر بىر مۇنچە تارىخشۇناس ئالىملارمۇ شۇنداق قارىماقتا. بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان گاۋتاما مانا شۇ ساكالاردىن ئىدى. ئۇ «ساكيامۇنى» (ساكالاردىن چىققان يېگانە) دەپ ئاتالغان. بۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىر ئىدى. ئومۇمەن ساكا دەپ ئاتالغان ئۇرۇق ئىتتىپاقىغاكىرگەن ئەل مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 — يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي سىبىر، قارا دېڭىز بويلىرى ئەتراپىدىكى داللارغا كەڭ تارقالغان. ساكالار ھەتتا شەرقىي سىبىر، ئالتاي — سايان تاغلىرىنىڭ تەسكەي تەرەپلىرىدىكىگە قەدەر بېرىپ، ھونلار بىلەن ئۇچراشقان، يەنە بىر بۆلىكى ھىندىستانغا بارغان. مېيىسكگوۋرن (ئامېرىكىلىق) جاۋ بەگلىكىنىڭ ئاتلىق ئوقياچىلار قوشۇنى بولغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئات مىنىش ۋە ئات ئۈستىدە ئېتىشنى شىمالدىكى ھونلار ئارقىلىق ساكالاردىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V — II ئەسىرلەر ئارىلىقى بولۇپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ساكالارنىڭ كېيىنكى يېرى — ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى دەپ قىلىنغان يەر ( — II ئەسىرلەردە) يەتتە سۇ بولۇش كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيا، قازاقىستان، غەربىي سىبىر يەرلىرىدە يەتتە سۇدىكىدەك ساكا پادىشاھلىرى دەپ قىلىنغان قورغانلارنى ئۇچرىتىش بولمايدۇ. تەڭرىتاغلىرى ئېتەكلىرى ۋە دەريا بويلىرىدا ساكا قەبرىلىرى ناھايىتى زىچ جايلاشقان. 1969 — ۋە 1970 — يىللىرى، سوۋېت ئارخېئولوگلىرى بۇ قەبرىلەرنى قېزىپ «ئالتۇن كىيىملىك ئادەملەر» نى تاپقان.①

پېتولېمىي «جۇغراپىيە» سى قىسىم، 13 — باب 2 — پاراگراپتا يېزىلىشىچە، پەرغانە ۋادىسىدا ساكالارنىڭ بىر قىسمى سانالغان قەۋملەردىن «كومىد»، «قارات»، «قومار» ۋە

① قازاقىستان «ئىلىم-پەن دۇنياسى» «ساكتانىغا ساياھەت» مىرزابەك دۇيسەنوۋ، (فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى).

«تۇرۇن» لار تۈركىي خەلقلەردۇر. بۇنى خەنسۇچە مەنبەلەرمۇ تەستىقلايدۇ. ساكالارنىڭ مۇھەم بىر قىسمى مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە ستىيان تەرەپلىرىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ خەنسۇچە تارىخ كىتابلىرىدا «كومىد» لار «كىيومى ـ تۇ» ۋە «كىيومى» دەپ يەنىلا قەدىمكى نامى بىلەن يېزىلغان؛ شۇنىڭدەك پەرغانە بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا تۇرۇپ قالغان ساكالاردىن مىيۇسۇن بىلەن تۇ ـ تۇلار زىكىر قىلىنغان. بۇلارمۇ تۈركىي قەبىلىلەردىن دەپ ھېسابلانغان. (1)

ھىندىستان تەرەپلىرىگە كەتكەن ساكالاردىن قالغان پۈتۈك تاشلارنىڭ ئورخۇندىن تېپىلغان تۈرك پۈتۈك تاشلىرىغا ئوخشايدىغانلىقى ئېنىقلانغان. (2) تاڭ دەۋرىدىكى لى يەنشۇ قاتارلىقلار يازغان «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى»، 99 ـ جىلدىدا: «تۈركلەر بۇرۇن غەربىي دېڭىز (ئارال دېڭىزى) نىڭ غەربىدە ياشىغان، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقى ئاشىنا… دېيىلگەن» دېيىلىدۇ. بۇ رىۋايەت مىلادىدىن بۇرۇنقى [illegible] ئەسىردىن [illegible] ئەسىرگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن. بۇ ــ تۈركلەر ئەجدادىغا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى رىۋايەتتۇر. بىز بۇنى مېرنا ندېرنىڭ «يۇنان تارىخىنىڭ پراگمېنتلىرى» دا تۈركلەرنى قەدىمكى چاغلاردا ساكا دەپ ئاتىلىدىغانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىدىكى قەبىلىنىڭ ساكا قەبىلىسى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. جۇڭگو تارىخلىرىدا ئاتىلىدىغان «غەربىي دېڭىز» ئارال دېڭىزى بولۇپ، دېڭىزنىڭ غەربىي دەل كاسپىي ۋە ئارال دېڭىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان «غەربىي دېڭىز» ئارال دېڭىزى بولۇپ، دېڭىزنىڭ غەربىي دەل سىكىتلار ئىچىدىكى ماساغىتلار چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايون ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك يۇنانلىقلار سىكىت دېگەن خەلقنى پارىسلار «ساكا» دەپ ئاتىغان.

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا)

---

(1) E. chavannes, Documents, 115 — 180 P.

(2) Levi et E. chavannes, L·itin — erair d·uurk, ong, 42 P.

# ئۇيغۇرلاردا مەدەنىي مائارىپ

ئىبراھىم نىياز

## 1. تارىم ۋادىسىدا مائارىپنىڭ باشلىنىشى

تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا ئىلىم - پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، مۇزىكا، زىرائەتچىلىك، قول سانائەت ۋە مېمارچىلىق جەھەتلەردە پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس ئۇلۇغۋار تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا، باشقا مىللەتلەر قاتارىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۆزىگە خاس مائارىپنى يولغا قويۇپ، شۇ ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا ياراتقان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلق.

بولۇپمۇ قەدىمكى بۈيۈك كارۋان يولى (يىپەك يولى) دا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، غەرب بىلەن شەرقنىڭ مەدەنىيەت، سودا ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆز ئارا باردى - كەلدىدە مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ كەلدى.

دېڭىز يوللىرى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا - سېتىق، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەنە شۇ قۇرۇقلۇق يولى — شىنجاڭ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، شىنجاڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت — گىرىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى؛ ئۈچ چوڭ دىن — بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى؛ ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى — ئۇرال - ئالتاي تىل سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى، خەنزۇ - تىبەت تىل سىستېمىسى؛ ئۈچ چوڭ ئىقتىساد — دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يىپەك سودىسى بىر - بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆز ئارا تەسىر قىلىشقان ئىچكى قۇرۇقلۇق رايون بولغاچقا، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار، بۇنىڭدا يەنىمۇ بۈيۈك رول ئويناپ كەلدى.

تارىم ۋادىسىدا قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كىرىيە، بارچۇق (مارالبېشى)، ئاقسۇ، كۇچار، قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەر ئەينى زاماندا خەلقئارا سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. بولۇپمۇ بۇ رايون، شەھەرلەر يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە قاشتېشى، ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملار بىلەن مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ كەلدى. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ،



AltunOq

شامان دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلار تارقىلىپ ، بۇ دىنلارنى ئىدىيەۋى ئاساس قىلغان مەدەنىي مائارىپمۇ يولغا قويۇلدى.

تارىم ۋادىسىدا بۇددا دىنىنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن، تەسىرى كەڭ، بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت تارىخىي يادىكارلىقلار بىلەن ئىزلارمۇ بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، شىنجاڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئاساس بولۇپ كەلدى. بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىدىقۇت (تۇرپان) دىن تېپىلغان يادىكارلىقلار — بېزەكلىك مىڭ ئۆي ، يارغول شەھىرى ئەنە شۇ قەدىمى دەۋرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن نادىر ئىزلىرى بولۇپ، دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر مەتبەئەچىلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئارخىتېكتورا (مېمارچىلىق) چىلىقىنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بەرمەكتە.

گېرمانىيىلىك تۈركولوگ گابايىن خانىم ۋە ئەنگلىيىلىك ياۋروپا ساياھەتچىلىرىدىن خۇنلى - كوك، سىتەيىنلەر ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھازىرقى ئارخېئولوگىيىگە ئائىت قېزىلمىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا، مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپالىقلاردىن 600 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشقان. مىلادى 841- يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار دۆلىتى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى ماجرا ۋە قىرغىزلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمى بىلەن ئاغدۇرۇلۇپ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەتتە سۇ، ئىسسىق كۆل ئەتراپىغا بېرىپ، شۇ يەردىكى قان قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يېڭى بۈيۈك قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇردى.

يەنە بىر قىسمى تۇرپان رايونىغا كېلىپ ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن قوشۇلۇپ بۈيۈك ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقىنى تىكلىدى.

تۇرپان ئۆزىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، كىلىماتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تۇپرىقىنىڭ مۇنبەتلىكى بىلەن ئەينى دەۋر تارىخىي شارائىتىدا بىردىنبىر ئىلىم مەركىزى بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان.

تۇرپاندا ئۆتكەن ئەينى دەۋر مائارىپچىلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغان ئابىدىدىنچۇر تېكىن، كۆل تارقان، سىڭقۇسېلى تۇتۇڭ، قالىم كەيشى، پىراتىيا ياشارى، ئاسىخ تۇتۇڭ، چىسۇيا تۇتۇڭ، ئوردا ئۇستازى كومراجىۋا قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئىدىقۇتتىكى بېزەكلىك، خان ئوردىلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان ئالىملار ئىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە بۇددا مەدەنىيىتى ناھايىتى گۈللەنگەنلىكتىن، يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان ئالىم، قازىلار يېتىشىپ چىقىپ دۇنيادا شۆھرەتلەندى. جۈملىدىن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ پارلاق راۋاجلانغان ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى.

چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن ھەربىي، مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىن چىققان ئاتاقلىق ئالىملار، مەمۇرىيلار، سىياسىئونلار، ھەربىي ستراتېگلار، دىپلوماتلار ۋە دۆلەت ئۇستازلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

مىلادى X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ساتۇق بۇغرا قاراخانىنىڭ باشلامچىلىقىدا قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئەرەب، پارىس ۋە شەرقىي روما مەدەنىيىتى بىلەن يەنىمۇ بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بىر يېڭى دەۋرنى باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تارىم ۋادىسىدىن ئىسلام دىنىغا يات بولغان غەيرىي دىن ۋە ئېتىقادلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئەرەب، پارىس مەدەنىيىتىنى، قىسقىسى ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتىنى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش شارائىتىنى ياراتقانلىقتىن، قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدە يىرىك مەدەنىيەت، مائارىپ مەركەزلىرى بارلىققا كەلدى. ئەنە شۇ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان كۇيبالىق — ئوردوكەنت (قەشقەر) دە بىر مۇنچە داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، كاتتا كىتابخانىلار تەسىس قىلىندى. بۇ بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى «مەدرىسە ئىساچىيە»، «مەدرىسە ئىھامىدىيە»، كېيىنرەك ئوپالدا مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «مەدرىسە ئىمەھمۇدىيە» قاتارلىقلاردۇر. بۇ مەدرىسەلەرگە شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، ئاكادېمىك ھۆسەيىن ئىبنى خەلىپەتەك كىشىلەر مۇدەررىسلىك قىلاتتى.

ھۆسەيىن ئىبنى خەلىپ ئەللامە — ئاكادېمىك ئىدى. بۇ بىلىم يۇرتلىرىغا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىن تالىپلار كېلىپ ئوقۇغانىدىن سىرت، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىنمۇ تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ قايتىشاتتى. مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىنىڭ تەزكىرىسىدە يېزىلىشىچە، ئەرەب ئەللىرىدىن ئىمام ئەكبەر، ئىمام مالىك، ئىمام ئەسقەرلەر كېلىپ بىلىم تەھسىل قىلىشقانىكەن.

بۇ مەدرىسەلەردە ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئوقۇش بىلەن بىرگە، ئىلمىي ھېساب، ئانا تىلى، ئەرەب، پارىس تىللىرى ۋە ئۇنىڭ گىراماتىكىسى، ئىلمىي نوجۇم، ئىلمىي ھال (تەبىئەت)، ئىلمىي مەنتىقە، ئىلمىي تەجۇد، شىفاھىيە ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئادەتلىرى ھېسابلانغان ئات مىنىش، ئوغلاق تارتىش، بەيگى چاپتۇرۇش، نەيزە سانجىش، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق ئۇرۇش ماھارەتلىرىنىمۇ ئۆگىنەتتى.

بۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئوقۇش باشلاش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرى تولا چاغلاردا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى ھېسابلانغان «نورۇز» بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئىچىدە ئۆز يۇرتلىرىدا ئۆز خەلقى ۋە دۇنيا خەلقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان مەشھۇر شەخسلەردىن مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالىم ۋە ئەدىبلەر، جامال قەرشىدەك مۇئەررىخ ۋە مۇدەررىسلەر، ئىمادىدىن كاشىغەرىدەك تىببىي ئالىملار چىققانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادى 1069-يىلى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى، مەھمۇت قەشقەرى مىلادى 1072-، 1074-يىللىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئىجاد قىلدى. XIII ئەسىردە ئۆتكەن ئەھمەت يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نى ئىجاد قىلدى. بۇ ئەسەرلەر جاھان خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەردۇر.

X ئەسىردە ئۆتكەن جۇڭگو ساياھەتچىسى ۋاڭ يەندى قەشقەردە ناھايىتى باي كۇتۇپخانا ۋە ئېگىز پەشتاق ھەمدە ھەيۋەتلىك مۇنارىلار بىلەن قۇرۇلغان بىلىم يۇرتلىرىنىڭ كۆپـ

لىككىنى كۆردۈم دەپ ئېيتقان. XIII ئەسىردە شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن ئىتالىيىلىك سەييياھ ماركو-پولومۇ قەشقەردە كۆپلىگەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۆز ساياھەتنامىسىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

XIII ئەسىردە ئۆتكەن ئىران مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئىدى گىنىئال ئەسىرى «گۈلىستان» دا ئۆزىنىڭ قەشقەرگە كېلىپ، بۇ يەردىكى بىلىم يۇرتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى، بۇ بىلىم يۇرتلىرىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ جاپاغا چىداپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلىقىنى، قەشقەر خەلقىنىڭ بىلىملىك كىشىلەرگە چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

مىلادى XIV ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن دەۋر مابەينىدە ئەنە شۇ بىلىم يۇرتلىرىدا ۋە چاغاتاي دەۋرى يەكەن سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرلىرىدە قۇرۇلغان خانىلىق، ۋاڭلىق، بەگلىك مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئاسىيا ۋە دۇنياغا داڭ چىقارغان ئالىم، ئەدىب، شائىرلاردىن نەسرىددىن رابغۇزى، لۇتپى، سەككاكى، ئاتايى، ئەلىشىر ناۋايى، خىرقىتى، ئابدۇرېھىم نىزارى، غەربىي، زىيائى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبورى قاتارلىقلار ئەنە شۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئوچاقلىرىدا يېتىشىپ چىققان مەشھۇر شەخسلەردۇر.

قاراخانىلار ۋە موغۇل ئىستىلاچىلىرى دەۋرىدە مىللىي، سىنىپىي زۇلۇم ئېغىرلىشىپ خىلمۇ خىل ۋەقەلەر بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋەيران بولۇپ، خەلقىمىزنى مەدەنىي مائارىپتىن ناھايىتى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

1514-يىلى سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان يەكەن سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە ۋەيران بولغان مەدەنىيەت، مائارىپ قايتا جانلىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بولغان ئېھتىياجنى ئۆز جايىدا ھەل قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى يارىتىلدى.

يەكەن سەئىدىيە دەۋرى ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنىڭ تەرەققىپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، غايە، ئىنتىلىشلىرى بىلەن شۇل زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يەنە بىر ئالتۇن دەۋرىنى بەرپا قىلدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىتخان (1533—1560) دەۋرىدە مەشھۇر ئالىملار، شائىرلار، تەرجىمانلار، خەتتاتلار، ئاگرانوملار، مۇزىكانتلار، مىمارلار يېتىشىپ چىقتى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلغاندىن تاشقىرى، بازار، يېزا، كەنتلەردىمۇ مەھەللىۋى مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇردى. يەكەن سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە قەشقەر «سانى بۇخارا» (2-بۇخارا) دەپ ئاتىلىپ شۆھرەتلەندى. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، سەئىدىيە دۆلىتى تېررىتورىيىسىدە 2263 ئورۇندا مەدرىس، 1533 ئورۇندا مەھەللىۋى مەكتەپلەر بولغان، مائارىپ ئاساسەن ئومۇملاشقان.

يەكەن سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىرىدىن سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ئاتاقلىق ئالىم، مەرىپەت باغۋىنى، مەشھۇر مۇددەرىس، مائارىپچى بولغىنى ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپنى تۇتۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىلىم ـ ئېرپان كانىغا ئايلاندۇرۇش، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش يولىدا، ئۆزىنىڭ ئەقلىي بالاغىتى، ئىلمىي يول

پەزىلەتلىرى بىلەن تەخت تۇتۇپ مەردىيەت يولىدا تەلەپچان ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن شۆھرەت تاپقان پادىشاھ ئىدى. ئۇ پادىشاھ بولغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، قاراخانىلار دەۋرىدىن كېيىن 2-ئالتۇن دەۋرنى ياراتتى.

سەئىدىيە سۇلتانلىرى دىن بىلەن سىياسەتنى ئايرىپ قاراپ، ئىجتىمائىي ھاكىمىيەتنىڭ سەلتەنەتلىرىنى قولدىن بەرمەي ئۆتكەنىدى. ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، مائارىپ ئورۇنلىرى بىلەن دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرى تەشكىلىي قۇرۇلما، ئورۇن، تۈزۈم جەھەتلەردە بىر - بىرسىگە بېقىنماي، ئارىلاشماي ئايرىم مۇئەسسەسەلەر سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. يۇقىرىقىلاردىن تارىم ۋادىسىدا ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالغان ئۇيغۇر ئوتتۇرا ئەسىر مائارىپىنىڭ مىلادى X ئەسىردە باشلانغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مائارىپى مىلادى 932-يىلى باشلىنىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ۋە ئومۇملىشىپ، يىرىك مەدەنىيەت مەركەزلىرى بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇن ئالىم ۋە فازىللار يېتىشىپ چىقىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

يەكەن سەئىدىيە دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ يەنىمۇ يۈكسىلىپ «سانى بۇخارا» دېگەن شۆھرەتلىك نامغا ئىگە بولغان ئالتۇن دەۋرنى ياراتتى.

يەكەن سەئىدىيە دۆلىتى، ئاپئاق خوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) نىڭ جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭغارلار بېقىندىلىقىدىكى ئاپئاق خوجا قورچاق ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، ئاپئاق خوجىنىڭ جاھالەتلىك ھۆكۈمرانلىقى بىلەن جۇڭغار فېئودال‌لىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئاستىدا ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئومۇميۈزلۈك يوقىلىپ، جاھالەت قاپلىغان قارا يىللار باشلاندى، بۇ خىل ئەھۋال جۇڭگودا چىڭ سۇلالىسىنىڭ (1644 — 1911) 300 يىللىق فېئودال، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغانغا قەدەر، بولۇپمۇ روسىيىدە لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىپ، بۇ رايون خەلقى نادانلىق، قاششاقلىق، جاھالەت ئىلكىدە مىللىي سىنىپىي زۇلۇم زەنجىرىدە زار قاخشاپ كەلدى؛ روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا قاتتىق تەسىر قىلدى.

## 2. ئۇيغۇرلار رايونىدا يېڭى زامان مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، چەت ئەل جاھانگىر كۈچلىرى بىلەن ئىچكى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئېزىشى ۋە تالان - تاراج قىلىشى، مۇتەئەسسىپ خۇراپىي كۈچلەرنىڭ بوغۇنچىلىقى ئاستىدا، خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن (1884) شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە دارىلئەللىمىن بىلەن گىمنازىيە قۇرۇلدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە ،

كېيىنرەك ناھىيىلەردە بىردىن «شوتاڭ» قۇرۇلۇپ، بۇ مەكتەپلەردە شۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئوقۇيتتى، بۇ مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى دەرسى بېرىلەتتى. بۇ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر شۇ دەۋر ھۆكۈمرانلىرى ئۈچۈن تىلماچ (تۇڭچى) بولاتتى، باجخانا، يامۇللاردا خىزمەت قىلاتتى. شۇڭا خەلق ئاممىسى بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلارنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى.

بىزگە مەلۇم، كونا ھۆكۈمەت — چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كېيىنكى ياڭ زېڭشىنىڭ، جىڭ شۇرېنلار باشتىن-ئاخىر خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى. «خەلق نادان بولسا، ئاسان ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ.» شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار شىنجاڭ خەلقىنىڭ پەننىي بىلىم بىلەن قوراللىنىپ، كۆزىنىڭ ئېچىلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىشاتتى. خەلق پەننىي بىلىم ئۆگىنىپ، كۆزى ئېچىلىپ كەتسە، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىشتىن ئەنسىرەپ مىللىي مائارىپقا قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيتتى. پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشتە ئوڭايلىق يارىتىش ئۈچۈن «شوتاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان مەكتەپلەرنى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە قۇرۇپ، يەرلىكتىنمۇ بالا قوبۇل قىلىپ ئىككى يىللىق، ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق تۈزۈمدە ئوقۇتۇپ، يامۇل خىزمەتلىرىگە سالاتتى. «شوتاڭ» دا ئوقۇغانلار شۇ دەۋر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتىكى قول چوماقلىرى ۋە گۇماشتىلىرى ئىدى. ئاساس خەلق ئاممىسى ئىلىم - پەن، مائارىپتىن پۈتۈنلەي چەتتە قالدۇرۇلاتتى.

شىنجاڭ خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىگە دىنىي مەكتەپلەردە ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بالىلىرى يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دىنىي مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ خەلىپىتىم، موللام دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىدىن ساۋاتلىق قىلىپ تەربىيىلەشنى ئاتا - ئانىنىڭ بۇرچى ھېسابلايتتى. بۇ خىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار مەھەللىۋى مەكتەپلەردە باشلانغۇچ ساۋات، ئەدەب - ئەخلاق ۋە قۇرئان ساۋاتىنى چىقىرىپلا ئالىي ئىلىمگە قايتىپ دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئاز ساندىكى بايلار بالىلىرىنى شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا، ئالىي مەدرىسلەردە ئوقۇتالايتتى. بۇنداق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغانلار تۈرلۈك پەنلەردىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نەتىجىسى، نەسىبىگە قاراپ، قازى، ئەلەم، مۇفتى، رەئىس، خەتىپ، ئىمام، مەزىن، مۇتەۋەللە قاتارلىق جاھائەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىر قىسمى مەدرىسلەردە مۇددەرىسلىك قىلاتتى. لېكىن بۇلارمۇ دۇنيادىن، ئىلىم-پەندىن، ۋەزىيەتتىن ئانچە كۆپ خەۋەردار ئەمەس ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسلام مەملىكەتلىرىدە يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى، بولۇپمۇ لېنىن رەھبەرلىك قىلغان روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا زامانىۋى مائارىپ راۋاجلىنىپ ۋە ئومۇملىشىپ، بۇ رايون خەلقىنىڭ ماددىي، مەنىۋى ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، شىنجاڭغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئىلىم تەھسىل قىلىش، ھەج تاۋاپ قىلىش، سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن چەتكە

بېرىپ قايتقان بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئارىسىدا پەن-مەدەنىيەت ئارقىلىق مىللەتنى ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇش، مەدەنىيەت ئىگىلەپ ئادەمدەك ياشاش كۆز قارىشى تىكلىنىشكە باشلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار زاتلار جاھالەت تومانلىرى ھەممە يانى قاپلاپكەتكەن بۇرۇختۇم ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، جايلاردا يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇشقا باشلىدى.

ئالدى بىلەن ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر شەھىرى لاي پەشتاق مەدرىسىدە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ تالىپلارغا ئۆز ئانا تىلىمىزدا دەرس ئۆتتى. شېئىر، ناخشىلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئۆگەتتى. ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب يېزىپ، نەشىر قىلىپ تالىپلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى.

تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن دىنىي بىلىملەرنى ئەرەب، پارس تىلىدا ئوقۇپ، بىر بالا 15 ـ 20 يىلدا ئاران بۇ تىللارنى بىلىپ چىقالايدىغان ھالەت ئۆزگەرتىلىپ تالىپلارنىڭ بىلىم ئېلىش مەزگىلى خېلىلا قىسقىرىپ، ئوقۇتۇش ۋە ئۆگىنىشنىڭ سۈرئىتى تېزلىشىپ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ قەشقەر شەھىرىدە نوۋەدەرۋازا سۇت، قايماق بازىرىدىكى ئىمىن ھاجى خەلپىتىم، ئارقىدىن ئىمىن خەلپىتىم، جانان كوچىسىدىكى تۇردى ھاجى خەلپىتىم خوجا چوڭنىڭ قۇملۇقىدىكى قاسىم ھاجى خەلپىتىم، ئوردا ئالدىدىكى تۇرغۇن ئاخۇن خەلپىتىم، توققۇز تاشتىكى كەنجاخۇن خەلپىتىم، ھەزرەتتىكى سىدىق ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار ئۆزلىرى ئوقۇتۇپ كەلگەن دىنىي مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتىپ دىن بىلەن پەن بىرگە ئوقۇتۇلىدىغان يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، سىنىپلارغا پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا ئورنىتىپ يېڭىچە ئوقۇتۇش يولىغا قويۇلدى. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغانلارھەم كىتاب ئوقۇيالايدىغان ھەم خەت يازالايدىغان، ئوقۇغان بىلىملەرنى ئىشلىتەلەيدىغان يېڭىچە ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

بۇ مەكتەپلەردىكى پەننىي دەرسلەر بىلەن بىر قاتاردا تەنتەربىيە، غەزەل دەرسلىرىمۇ ئۆتۈلۈپ، بالىلار ھەر كۈنى بىر ۋاقىت دۇمباق، بارابان چېلىپ سەپكە تىزىلىپ مەشىق قىلىدىغان تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش يۈرگۈزدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا زور ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەكتەپلەر خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئاجايىپ يېڭىلىق بولۇپ تەسىر قىلغاچقا ئۇلارنىھاياجانغا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ خىل يېڭىچە مەكتەپنىڭ مەيدانغا كېلىشى كەڭ خەلق ئاممىسىنى خۇشال قىلدى. لېكىن ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر، بۇ خىلدىكى مەكتەپلەرنى «جەدىت» لەر مەكتىپى دەپ ئەيىپلەپ ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇ ۋەكىللىكىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە جاھالەتپەرەسلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. قەشقەر شەھىرىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ئىجتىھاتى، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە يار-يۆلەكتە بولۇشى بىلەن يېڭىچە مەكتەپلەر 11 گە كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ سانى بۇخارالىق ئورنى ئەسلىگە كېلىپ، يېڭى زامان مائارىپىنىڭ باھارى يېتىپ كەلگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەشقەر شەھىرى دەپ ئاتالغان ئىچكى شەھەردە سودا - سېتىق، ھۈنەر - سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئاستىدا ئادەملەر كۆپىيىپ، شەھەر زىچلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئەتراپ ناھىيە-يېزىلاردىن تىجارەت، ھۈنەر-سەنئەت بىلەن شەھەرگە كەلگەن خەلقلەر ئىچكى شەھەردىن ھالقىپ، تاشقارقى شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇندا ئالدى، ھېيتگاھ، نوبېشى (گۈلباغ)، ئۆستەڭبويى، ئارقا ھويلا، شامچى، بورىچى، قازانچى، ياربېشى، گۈۋاغ قاتارلىق جايلارغا قورا-جاي سېلىپ ئىچكى شەھەرگە تۇتاشتۇرۇپ، تاشقارقى شەھەرنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكتىن، شەھەر كېڭىيىپ تەبىئىي ھالدا تاشقارقى شەھەر دەپ ئاتالغان قىسمى رەسمىي شەھەر دائىرىسىنى شەكىللەندۈردى.

XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قەشقەرگە ھۆكۈمران بولغان تۇرپانلىق زوھۇردىن ھېكىمبەگ ئوبېيكتىپ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ 1835 - يىلى قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ئىچكى شەھەر بىلەن تاشقارقى شەھەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شەھەرنى سېپىل بىلەن ئىھاتىلەندۈرۈپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ھازىرقى شەھەر ھالىتىنى شەكىللەندۈردى.

بۇنىڭ بىلەن مەھەللىلەر تارقاقلىقتىن تەشكىللىك سىستېمىغا چۈشۈپ، ھەر بىر مەھەللىدە ئۆز دائىرىسىدىكى جامائەتچىلىكنىڭ كۈچى بىلەن ياكى نامدار بايلارنىڭ ئىجتىھاتى بىلەن مەسچىت ئەھيا قىلىنىدى. ئىچكى شەھەر ۋە تاشقارقى شەھەردە جەمئىي 118 مەھەللە بولۇپ، 118 مەسچىت قۇرۇلدى. ئەينى زاماندا شۇ مەھەللىگە مەسچىت ئەھيا قىلغان ياكى يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ بىرەر يەرگە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ئىچىدە نوپۇزلۇق بىر كىشىنىڭ نامى بىلەن شۇ مەھەللە ئىسمىنى ئاتاش شەكىللەنگەن. ھازىرغىچە مەھەللە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: توختى مىراخور مەھەللىسى، ئاتۇش مەھەللىسى، موپاڭ مەھەللىسى، تاغارچى مەھەللىسى، دورغا بەگ مەھەللىسى، خەزىنىچى بەگ مەھەللىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

قەشقەر شەھىرىدە قەدىمدىن تارتىپ بار بولغان مەدرىس، مەكتەپلەردىن سىرت يېڭى قۇرۇلغان مەھەللىلەردىمۇ مەدرىس، مەھەللىۋى مەكتەپلەر قۇرۇلغانىدى. بۇ مەدرىس، مەكتەپلەر شۇ مەھەللە ياكى رايوندىكى جامائەتنىڭ كۈچى ۋە مەرىپەتپەرۋەر زەردار شەخسلەرنىڭ ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئىشتىراكى بىلەن جەمئىيەتتە چوڭ ئابرويغا ئىگە بايلار، ساۋابلىق ئىزدىگۈچى شەخسلەر تەرىپىدىن ساپ جاينى تاللاپ قۇرۇلغانىدى.

شۇ ۋاقىتتا تاشقارقى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان قۇمدەرۋازا تەۋەسىدىكى غەربىي تەرەپتىكى ھازىرقى موفاڭ كومىتېت توختى مىراخور مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق مەھەممەت سالى شاڭيۇ، مەھەممەت ئېلى شاڭيۇلار ئۆز ھىممىتى بىلەن شۇ مەھەللە ۋە قوشنا مەھەللىدىكى ئۆسمۈرلەر، ياشلارنىڭ نادان قالماسلىقى ئۈچۈن 1874 - يىلى بىر سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇپ، بارلىق چىقىملىرىنى ئۆزلىرى چىقارغان. مەكتەپ شۇ يىلى پۈتۈپ 9 - ئايدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ دەرس باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلىققا شۇ ۋاقىتتىكى داڭدار مۇدەررىس، مەھەللە ئىمامى ئىمىن ئاخۇنخەلپىتىم تەيىنلەندى.

ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ بىلىمى يۇقىرى، ئۇسۇلى ياخشى، پوزىتسىيىسى مۇلايىم بولغاچقا، بالىلارنىڭ ساۋادى تېزلا چىقىپ، ئەدەب، ئەخلاق جەھەتتە جامائەتچىلىكنىڭ

ماختىنىشقا ۋە ھۆرمەتلەشكە سازاۋەر بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپىيىپ مەكتەپ ئورنى تارلىق قىلدى. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن ئاكا - ئۇكىلار — شۇ مەھەللىدىكى سادىق ھاجىم، سىدىق ھاجىم قاتارلىق مۆتىۋەرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ 1909 - يىلى يول ئۈستىنى يېپىپ مەكتەپ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئىككى قەۋەتلىك مەكتەپ ياساپ ياۋروپا سىخېمىسىدا پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا ئورنىتىپ يېڭى مەكتەپكە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەدرىسىلەردە بالىلار داق يەردە ئولتۇرۇپ مۈجىلىپ ئوقۇشتىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا ئايلاندى. شۇ يىلى مەكتەپكە 400 دىن كۆپرەك بالا قوبۇل قىلىندى. مەكتەپنىڭ تازىلىقى، بالىلارنىڭ ئىستېمالى ئۈچۈن مەكتەپكە قۇدۇق كولاپ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىزامى، ئوقۇش باشلاش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش، ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈملىرى بېكىتىلدى.

قەدىمدە ئوقۇش مەۋسۇملىرى 31 - سېنتەبىر ھەم نورۇزدا باشلىناتتى. بالىلارنىڭ يېشى يەتتىگە بارغاندا ئوقۇش يېشىغا توشقان ھېسابلىناتتى. چارشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە كۈنلىرىنى ئەجدادلار ئۇلۇغ كۈن، خاسىيەت بار، ئىلىملىك بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئاتىلار بالىلىرىنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ ئالاھىدە ئۇستازغا ئاتاپ تون، تەلپەك بىلەن دوستىخان راسلاپ ئۆز رازىلىقىنى ۋە خۇرسەنلىكىنى ئىپادە قىلىپ ئۇستازغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئەدەب بىلەن «پەرزەنتىمىزنىڭ تېنى تەڭرىنىڭ، ۋۇجۇدى ئاتا-ئانىنىڭ، ئىمان، ئىلمى، ئەخلاق، بەخت ئىقبالى ئۇستازدىن» دەپ بالىنىڭ ئوڭ قولىدىن تۇتۇپ مەكتەپكە بېرەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ بالا «مەكتەپ بالىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشەتتى. بۇ شۇ چاغدىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي نىزامى ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش قۇرامى، بىلىم سەۋىيىسىگە ئاساسەن ئايرىم سىنىپلاردا ئوقۇتۇش بولمىغاچقا 1 - يىللىقتىن 6 - يىللىققىچە بولغان بالىلارنىڭ يىللىقلىرى بويىچە ئايرىم ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى، ھەر بىر يىللىق ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشقا بىردىن ساھىب (ياردەمچى ئوقۇتقۇچى) مەسئۇل قىلىناتتى. ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ باشلانغۇچ بولۇپ، بىرىنچى يىللىقتا 26 ھەرپنى تونۇتۇش بىلەن ئىمان - كەلىمىلەردىن ئالتە كەلىمە ئۆگىتىلەتتى. ئىككىنچى يىللىقتا 26 ھەرپنى تونۇپ بولغاندىن كېيىن ھەپتىيەكنى ھەجىلەپ ئوقۇشقا كىرىشتۈرۈپ ھەرپلەرنى بىر - بىرىگە قوشۇپ ئوقۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش تەلەپ قىلىناتتى. ئۈچىنچى يىللىقتا قۇرئاننى سۈرىچىلەپ ئوقۇشقا باشلاش بىلەن قۇرئاننى تېز ئوقۇش تەلەپ قىلىناتتى. تۆتىنچى يىللىقتا «سوپى ئاللايار»، پارس، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «نامەھەق»، «ئىمىر ناۋايى»، «خوجا ھاپىز شىرازى» قاتارلىق تۆت كىتاب ئوقۇتۇلاتتى. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارغا نەسىھەت قىلىش، كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى - ياماننى پەرق ئېتىش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇش، ياخشى ئىش - ياخشى ھەرىكەتلەرنى يارىتىش، يامان ئىش - يامان ھەرىكەتلەرگە نەپرەت بىلدۈرۈش ھېسسىياتىنى تۇرغۇزۇش تەلەپ قىلىناتتى، بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئەرەب ئىملاسى بويىچە يۇقىرىقى كىتابلاردىن بىر قانچە بېيىت، بىر نەچچە مىسرالىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن خەت يېزىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش

تەلەپ قىلىنىدۇ. بەشىنچى، ئالتىنچى يىللىقلاردا، ئەرەب گىرامماتىكىسى ئوقۇتۇلۇپ (پايەندى) ئومۇمىي خاراكتېرلىك سەرق، مۆز زەنجاكى، ئاۋامىلدىن ئىبارەت تۆت كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەدىس كىتابلارنى ئەرەب گىرامماتىكىسى بويىچە ئوقۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ تاماملىنىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ — مەدرىسكە كۆچىدۇ. قىز ئوقۇغۇچىلار پايەندى ئوقۇماي «مۇختاجنان»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «سالاتمەسئۇد» قاتارلىق تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلار ئوقۇتۇلۇپ، قائىدە-يوسۇنلۇق، ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇش يوللىرى ئۆگىتىلىدۇ.

ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپلارغا ئايرىپ ئوقۇتۇش، مەمۇرىي، تەشكىلىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى بىر تۇتاش بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەن دەرس كۆرسەتكۈچى، باسقۇچلۇق پىلان، دەرس جەدۋەللىرى شەكىل بىلەن قائىدىلەنمىگەن ئوقۇتۇش ئورنى بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتىل تۈزۈملىرى يوق ئىدى. لېكىن تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا بالىلارنى ئىجتىمائىي ھاياتقا، ئاڭ چۈشەنچىسىگە، تېرىكچىلىك قەدىمىگە، كىشىلىك قەلبى ئۆلچىمى بولغان ئەخلاق-ئەدەبكە، قىسقىسى ئىجتىمائىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەيدىغان شۇ دەۋردىكى ئاڭ خەزىنىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ مەكتەپلەردە يۇقىرىقىدەك ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى 1874-يىلىدىن 1910-يىلىغىچە داۋام قىلغانىدى.

1910-يىلى ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭىچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ، خەلقنى ئاقارتىپ، جاھالەت نادانلىقتىن قۇتقۇزۇپ، ئۆز ئەركىنلىكى، ھۆرلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش، كونا مائارىپتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، بىر بۆلۈم بىلىملىك، ئاڭلىق، ئىجتىھاتلىق، يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش زۆرۈر دەپ قاراپ، 1911-يىلى پەشتاق مەدرىسىدە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ نۇرغۇنلىغان ئىلىم باغۋەنلىرىنى يېتىشتۈرگەن. ئىمىن ئاخۇنخەلپىتىم مۇشۇ دەۋردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ماسلىشىپ، ئالدىنقى قاتاردا ماڭغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئۆز ئىنىسىنىڭ 2-ئوغلى ئىسمائىل ھاجىنى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى. ئىسمائىل ھاجىم ئوقۇش جەريانىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، داموللامنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشى شاگىرتى ۋە ياردەمچىسى بولدى. ئىسمائىل ھاجىم ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا قالدۇرۇلدى، ئۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، داموللام تۈزگەن ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا گىرامماتىكا قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشكە بىرىكتۈرۈپ ھۆسنىخەت يېزىش قائىدىلىرىنى پىششىق ئۆگىتىپ چىقىدۇ. ھېساب دەرسىنى ئۆتۈشتە تەھسىل ھېساب دەرسلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تۆت ئەمەلنى مۇكەممەل ئۆگىتىدۇ. قۇرئاننى توغرا تەلەپپۇز، قائىدىگە مۇۋاپىق ئوقۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داموللام تۈزگەن تەجۋىتىنى ئۆگىتىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنى ساغلام بەدەن، ھېچىرى سەھەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بەدەن تازىلىقى، ياتاق تازىلىقى، مۇھىت تازىلىقى ھەققىدە دەرس ئوقۇش بىلەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئومۇمىيۈزلۈك تەنھەرىكەت پائالىيىتى ئېلىپ باردى. غەزەل دەرسىنىمۇ تەسىس قىلدى. دىن دەرسلىكى ئۈچۈن 1911 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام تۈزۈپ نەشىر قىلدۇرغان «ئىبادەت ئىسلامىيە»، «ئاقايىت زۆرۈر دىيە» نى دەرسلىك قىلىپ بالىلارغا ئىسلام دىنىي ئەھكاملىرىدىن چۈشەنچە ۋە بىلىم بەردى. بۇ خىل يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى 1911 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىغىچە داۋام قىلىپ، نۇرغۇن شاگىرتلار يېتىشىپ چىقىپ، ئابدۇقادىر داموللامدىن ئالغان بىلىم، تەربىيە، ئاڭ ئاساسىدا ئۆلكىمىزنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە ـ بازارلىرىدا كونىچە ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش بىر دولقۇن بولۇپ شەكىللەندى. لېكىن بۇ خىل يېڭى مەكتەپلەر جاھالەت پەرەست مەمۇرلار بىلەن مۇتەئەسسىپ موللا، ئىشانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال قەشقەردە ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىلىق، ئىلىم ـ پەن تەرەپدارلىرى بىلەن كونىلىقنى ياقلىغۇچى مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، گۇرۇھۋازلىق شەكىللىنىپ يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنى «جەدىت» لىقتا ئەيىپلەشتى.

ئىمىن خەلپىتىمنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەر تەبىقە، ھەر ساھەدىكى ئۆلىمالىرىدىن ئوبۇلقاسىم ئاخۇنۇم، زېبىبۇللا ھاجى ئەلەم، موللاخۇن خەلپىتىم، دارازا ئابدۇقادىر داموللام، مامۇت ھاجى مۇفتى (پەتىۋا)، ئوسمان داموللام، ياقۇپ ھاجىم، تۇچچارلاردىن باۋۇدۇن مۇسابايىۋ، موللا تۇردى ھاجىم، تاشاخۇنۇم، يېڭىئۆستەڭ تۇردى ھاجىمخان، ھېسامىدىن ھاجىم قويچى، ئوبۇلھەسەن ھاجىم دوگۇۋۇرچىلار، زىيالىيلاردىن ئابدۇرېھىم بەگ ھاجى (شەۋقىنىڭ ئاتىسى)، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، يۈسۈپ ئەپەندىم (زىيا)، سېيىت ھامىت ئەپەندىم (ئەرەب) لار بىرلىكتە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن كەسكىن كۈرەش ۋە مۇنازىرە ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن دىن بىلەن پەن قوشۇلۇپ ئۆتتۈرۈلىدىغان يېڭى مەكتەپلەر داۋاملىق ساقلاندى.

بۇ خىل مەكتەپلەر تۈزۈمى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى، يۈرگۈزۈلگەن مائارىپ شەكىللىرى جەھەتتىن ئالغاندا، تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك مائارىپىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە خەلق پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ نۇرى ـــ دىلچىرىغى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىدە ياڭ زېڭشىنىڭ، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدە زامانىۋى مەكتەپ ھېسابىغا كىرىدىغان «شوتاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بىرلا مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى خەنزۇ يېزىقىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ مەكتەپتە شۇ يەردىكى خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرى ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر بالىلىرى ئوقۇيتتى. ئۇلار مەكتەپكە كىرىش بىلەنلا خەنزۇچە ئىسىم قويۇلۇپ، خەنزۇچە كىيىم كەيدۈرۈلەتتى. گومىنداڭ ۋاقتىدا خوتەنگە ۋالىي بولغان خادىلىق باڭ (نۇر بەگ)، نەن شوسەن (روزى مەھەممەتبەگ) قاتارلىقلار ئەنە شۇ شوتاڭ مەكتەپنىڭ بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

خوتەندە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسىدا قوشۇلۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىجتىھات بىلەن يېڭىچە مەكتەپ ئاچقانلار يەنىلا چەت ئەلدە ئوقۇغانلار ئىدى. 1920 - يىلى دېھلىدە ئوقۇپ كەلگەن قاسىم ئەپەندي، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىسمائىل ھەقىقىي ۋە خانى ئەپەندىلەر، تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ خوتەن شەھىرىنىڭ ئالتۇنلۇق مازارمەدرىسىدە يېڭى مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئەينى زاماندا ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەر بولغاچقا، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، تېزلا نامى چىقىدۇ. خوتەندە ئۆتكەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، تېۋىپ ئابدۇكېرىم ھاجى، ئەمەتجان باي ھاجى، سەمەتجان باي ھاجى قاتارلىقلار ئەنە شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان 1 - تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئىدى. 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى خوتەن ۋىلايىتىدە كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ يېرىم يىلغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل خوتەن دىيارى جىڭشۇرېن ئىستىبداتىدىن ئازاد قىلىنىپ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. يېڭى ھۆكۈمەت «شوتاڭ» مەكتەپنىڭ ئورنىدا بىر دارىلمۇئەللىم مەكتىپى ئاچتى. بۇ مەكتەپكە تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن مۇسا ئەپەندى، تۇرسۇن داموللاملار باش بولغان ئىدى.

مەكتەپ تۆت سىنىپلىق بولۇپ 1 - تۈركۈمدە 200 بالا قوبۇل قىلىنىدى. مەكتەپتە دىنىي دەرسلەردىن تاشقىرى سەرپ نەھۋى (گراماتىكا)، ئىملا، خۇشخەت، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ، غەزەل قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنىدى. شۇ كۈنلەردە تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئېيدىردىس ئەپەندى «قىرائەتچىلىك مەكتىپى» ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك، پىلىچىلىك، ئۈجمىچىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، خوتەندە پىلە ئۇرۇقىنى ئۆزىدە يېتىشتۈرۈپ، ئۇنى سىرتتىن كىرگۈزۈشكە خاتىمە بەردى. 1934 - يىلى ئەمەت ھاجىم غوجامكۆلبېشى مەھەللىسىدە «غوجامكۆل مەكتىپى» نى ئاچتى. مەكتەپكە 300 بالا قوبۇل قىلىپ شۇ يىلى دەرس باشلىدى.

شۇ يىلى قارىقاشلىق ئابرۇللا داموللام سوۋېتتىن قايتىپ كېلىپ قارىقاشتا بىر مەكتەپ ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن خوتەندە ماخۇسەن ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىپ، 1937 - يىلىغىچە مائارىپ يەنە ۋەيران بولدى.

### 3 . يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

شىنجاڭدا يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى 19 - ئەسىرنىڭ 60-، 70 - يىللىرىدا باشلىنىپ، 80 - يىلى رېئاللىققا ئايلانغانىدى. بىزگە مەلۇم يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپ سىنىپنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتۇشنى، يەنى بالىلارنىڭ ياش قورامى، بىلىم سەۋىيىسىگە قاراپ سىنىپلارغا ئايرىپ، سىنىپلار بويىچە دەرس ئۆتۈش يۈرگۈزۈلگەن مەكتەپلەر بولۇپ، بۇ شۇ چاغدىكى مەكتەپلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

سىنىپنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتۇش تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، بۇ خىل ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش تۈزۈمى ياۋروپا ئەللىرىدە 16-، 17 - ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن.

مەملىكىتىمىز جۇڭگودا بولسا 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەر، پورتلاردا ۋە بېيجىڭدا ئېلىپ بېرىلدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ يىراق غەربىي شىمالىغا جايلاشقان شىنجاڭدا بۇ خىل مەكتەپلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا باشلىنىپ، 80 ـ يىللىرىدا رېئاللىققا ئايلانغانىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خەلقئارا ئەركىن كاپىتالىزم جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى. ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە تالىشىش بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىقى يەنىمۇ كېڭەيدى. بۇ ۋاقىتتا مەملىكىتىمىز جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودال دۆلەتكە ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. شىنجاڭدا بولسا، بىر قەدەر تۇراقلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، يىپەكچىلىك ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق، ماتا، چەكمەنچىلىك، يەرلىك سانائەت ئۆسمەكتە ئىدى. كانچىلىق، قۇيمىچىلىق كەسپىمۇ راۋاجلاندى.

مۇشۇنداق ماددىي ۋە تارىخىي شارائىت ئاستىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۆز سودا-سېتىقلىرىنى دۆلەت ئىچىدىن خەلقئاراغا كېڭەيتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيە، ئوتتۇرا شەرق، ھىندىستان قاتارلىق رايون ۋە دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلدى. ھەتتا بەزى سودا تىجارەتچىلىرى مەركىزىي ياۋروپا بازارلىرىغىمۇ كىرىپ سودا قىلىپ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل سودا مۇناسىۋىتىدە خېلى ئاكتىپ رول ئوينىدى.

قەشقەر ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساقلىق چوڭ سودىگەر باۋۇدۇن مۇسابايوۋلار سودا تىجارەت ئىشلىرى بىلەن روسىيە ۋە تۈركىيىلەرگە بېرىپ سودا قىلىش بىلەن، ئۇ دۆلەتلەردىكى سانائەت، مەدەنىي ـ مائارىپ ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش، يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ تەسىرلەندى ھەمدە شۇ يەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ جاھان كېزىش جەريانىدا شىنجاڭدا يېڭى پەننىي مەكتەپ قۇرۇش ھېسسىياتى بىلەن ۋەتىنىگە قايتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن سودىسى راۋاجلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن ماناپاكتۇرا ئۇسۇلىدىكى يەرلىك ئىشلەپچىقىرىشتىن بولغان پايدىسى كۆپىيىپ ئىقتىسادىي يۈكسەلدى. سودا-تىجارىتىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تېز راۋاجلىنىشى بىلەن كارخانا، سودا ساراي ۋە سودا دۇكانلىرىنى باشقۇرۇشقا يېتىشەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سودا ساراي، شىركەت، كارخانا، دۇكانلاردا ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ كۆپچىلىكى ساۋاتسىز ئىدى. ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ قىستىشى ۋە چەت ئەللەردىكى تەرەققىيات، يېڭىلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن خەلقنى ئاقارتىش، ئويغىتىش ئارزۇسى ئۇنىڭدا شەكىللەندى.

مىلادى 19ـ ئەسىرنىڭ 60ـ يىللىرىدا قەشقەر خانلىق مەدرىستە دىن بىلەن پەننى بىلىمنى بىرگە ئۆگىتىدىغان سىنىپلار تەسىس قىلىنىپ، بىر مەزگىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ئىستىبدات ھاكىمىيەت دائىرىلىرى بىلەن يەرلىك فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن باۋۇدۇن مۇسابايوۋ بۇ مەكتەپنى ئۆز يۇرتىدا باشقۇرۇشقا بەل باغلاپ، 1872ـ يىلى ئۆز يېزىسىدىكى مەدرىسىنى ئىسلاھ قىلىپ يېرىم پەن، يېرىم دىن ئوقۇيدىغان مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتتى.

1883- يىلى باۋۇدۇن باي يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شۇ ۋاقىتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئىككى يىل تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، 1885- يىلى 9- ئايدا تۇنجى پەننىي مەكتەپ «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنى قۇردى. بۇ مەكتەپ ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرقچە يېڭى مەكتەپ بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇنجى پەننىي مەكتەپ بولۇپ، شىنجاڭدا ئىلىم - پەن باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەنىدى.

بىراق بۇ خىلدىكى يېڭىچە پەننىي مەكتەپنى داۋاملاشتۇرۇش، فېئودالىزمنىڭ ئېغىر زۇلمى ۋە مۇتەئەسسىپ خۇراپىي كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى بىلەن ئوڭايغا چۈشمىدى. يەنى قەشقەردىكى ھۆكۈمران دائىرىلەر بىلەن يەرلىك مۇتەئەسسىپ قاراكۈچلەر، يەنى جاھالەتپەرەست بايلار، موللا-ئىشانلارنىڭ قارشىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. لېكىن باۋۇدۇن باي ۋەكىللىكىدىكى تەرەققىپەرۋەر كۈچلەر بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا بۇ مەكتەپ داۋاملىق باشقۇرۇلۇپ، 1937- يىلى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ ئالغانغا قەدەر ئۇ كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، دەۋرگە، ئېھتىياجغا جاۋاب بېرىش بىلەن قالماي، بەلكى 1933- يىلدىكى يېڭى مائارىپ دولقۇنىدا، كېيىنكى مەكتەپلەرنى كۆپ سانىدا ئوقۇتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچىلار بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭ رايونىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشتا زور تۆھپە قوشتى.

باۋۇدۇن مۇسابايۇف «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ 1885- يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئىستانبۇل، قازان قاتارلىق جايلارغا 50 دىن ئارتۇق ياشلارنى چىقىرىپ تەربىيىلىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئۆسۈۋاتقان ئېھتىياج تولۇق ھەل بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1907- يىلى ئېكىسا قاتا 40 ئوقۇغۇچىلىق بىردارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىپ ئۈچ يىللىق تۈزۈمدە ئوقۇتۇپ، جايلارغا ئەۋەتىپ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئوقۇتقۇچى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ سىنىپقا دەسلەپ قەشقەر بىلەن ئاتۇشتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغانىدى. كېيىنرەك ئاقسۇ، كورلا، خوتەنلەردىنمۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئېكىساق دائىرىلمۇئەللىمىن سىنىپى تەرەققىي قىلىپ 1935- يىلىدىكى دارىلمۇئەللىمىننى شەكىللەندۈردى. 1916- يىلى ئېكىسا قاتا بىر «شوتاڭ» مەكتەپ، بىر بوغالتىرلىق مەكتىپىمۇ ئېچىلدى.

ئېكىساق مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەسىرى ئاستىدا 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر، يەكەن، خوتەن، قاغىلىق، ئاقسۇ، كۇچار، باي، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل، غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق ناھىيە-شەھەرلەردە پەننىي مەكتەپ ياكى سىنىپلار قۇرۇلدى. (گېز-چىك، قۇتۇبى، ئۈرۈمچى، …)

يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە تۇرپان ئاستانىدىكى يېڭىچە پەننىي مەكتەپ «مەخسۇدىيە» مەكتىپى مەشھۇردۇر. بۇ مەكتەپنى چوڭ سودىگەر، ئوقۇمۇشلۇق ئىلغار زات مەخسۇت مۇھىتى ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيە، ئوتتۇرا شەرق قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن سودا-تىجارەت قىلىش، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق بۇ جايلاردىكى يېڭىلىقلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، ئۆز بېشىدىن، تاتار زىيالىيلىرى ۋە ئىلغار ئەربابلار بىلەن پىكىرلىشىپ خەلقنى نادانلىق، جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىپ ئاخىرى مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنى ئاقارتىپ ئويغىتىش بىردىنبىر

تۇغرا يول دەپ تونۇپ 1913 ـ يىلى روسىيىدىن ھەيدەر سايرانىنى ئاستانىغا ئېلىپ كېلىپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى گوسول مۇھىتىنىڭ قوروسىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ شۇ يىلى دەرس باشلىدى.

1917 ـ يىلى روسىيىدە لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئېزىلگەن، مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىق كۈرەشلىرى كۆتۈرۈلدى. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىش ياسىدى، ئىلىم ـ پەن چىرىغى يېقىلىپ خەلق ئويغاندى. مەخسۇت مۇھىتى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن موسكۋاغا بېرىپ، يېڭى مەكتەپلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئارزۇسى بىلەن يەنە موھىبوللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئاۋىتە، ئېلى ئىبراھىم، ھىسامىددىن ئەپەندى، شاھى شەرەپ ۋە يەھمى قاتارلىق ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تۇرپانغا ئېلىپ كېلىپ ئېلى ئىبراھىمنى تۇرپان بازىرىغا، موھىبوللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەمنى ئاستانىغا، شاھى شەرەپ ئەپەندىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتىپ شۇ جايلاردا مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچى قىلدى. ئاستانىدىكى مەكتەپ ئىككى سىنىپلىق بولۇپ، قالغانلىرى بىر سىنىپلىقتىن ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن خىراجىتى مەخسۇت مۇھىتى تەرىپىدىن بېرىلدى. بۇ مەكتەپلەردە ئانا تىلى، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، شىفاھىيە، تەنتەربىيە، شېئىر ـ غەزەللەر تەسىس قىلىندى. ئېكىساق، تۇرپاندىكى يېڭىچە يېڭى مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن كۇچاردا 1916 ـ يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇغان ئابدۇلمېجىت داموللام، ئابدۇلھېمىت داموللاملارنىڭ تەشەببۇسى ۋە يېتەكچىلىكى بىلەن بىر يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نامى «نىزامىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالدى.

بۇ مەكتەپ 1916 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە ئىككى يىل داۋام قىلدى. چۈنكى 1918 ـ يىلى كۇچارخەلقى ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى، يەرلىك فېئوداللار بىلەن ياڭ زېڭشىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ، قوزغىلاڭنى باستۇرغاندىن كېيىن، مەكتەپنى تاقىتىۋەتكەنىدى. بۇ مەكتەپ زامانىۋى مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېڭى مەھەللىدە بىر شۆبىسىمۇ بولغان. بۇ مەكتەپتە ئانا تىلى، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، رەسىم، غەزەل، ئاقايىت زۆرۈرىيە، مەلۇماتى ئىسلام قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان، سىنىپلىرى ئازادە، پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا بىلەن جاھازلانغان، باش مۇئەللىم تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ياقۇپ ئەپەندى ئىدى.

1932 ـ يىلى گېنېرال تۆمۈر ئېلى ئىنقىلاب قىلىپ كۇچارنى ئازاد قىلىپ، دەرھال يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر مەكتەپ قۇردى. كۇچار خەلقى تۆمۈر ئېلىنى ھۆرمەتلەپ بۇ مەكتەپنى تۆمۈر غازى مەكتىپى دەپ ئاتىغانىدى.

1933 ـ يىلى ئىنقىلاب يولباشچىسى خوجا نىياز ھاجىم كۇچارغا كەلگەندە بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپ قۇرۇپ، شەرقتىكى تۆت ناھىيە ۋە بۆگۈردىن 109 بالا قوبۇل قىلىپ دەرس باشلىدى.

# 4. خەلق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مائارىپنىڭ تەرەققىياتى

1931- يىلى 3- ئايدا قۇمۇلدا خوجا نىياز ھاجىم رەھبەرلىكىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيدى. بۇ ۋاقىت شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى قالدۇقى، مۇستەقىل كېنەزلىكى جىڭشۇرېن ھاكىمىيىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي-مائارىپ جەھەتتە دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا باشلىدى.

1933- يىلى بۇ ئىنقىلاب پۈتۈن شىنجاڭغا قانات يېيىپ جىڭشۇرېننىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، يېڭى ھاكىمىيەت تىكلەندى. ئىنقىلاب يولباشچىسى ۋە ئۇنىڭ گېنېراللىرى قەيەرنى ئازاد قىلسا ئالدى بىلەن شۇ جايدا پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، خەلقنى ئاقارتىپ ۋە ئويغىتىپ، ئىنقىلابنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن زور ئىجتىھات بىلەن مائارىپ قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. 1933- يىلى خوجا نىياز ھاجىم جەنۇبنى ئازاد قىلىش سەپىرىدە كۇچارغا كەلگەندە «نىياز دېيە دارىلمۇئەللىمىنى» قۇرغانىدى. 1933- يىلى 12- ئايدا قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، زىرىپ قارى ھاجىم قاتارلىق مۆتىۋەر زاتلارنىڭ خەلقنى نادانلىق، ساۋاتسىزلىق، قاششاقلىق بالاسىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ، يېڭى زامان پەن، مائارىپ تەرەققىياتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن «ئۇيغۇر خەلق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»نى تەسىس قىلىپ، يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا كىرىشتى.

ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ جان تومۇرى بولغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن شۇ كۈنگىچە ھېچكىم قىلىشقا پېتىنالمىغان مازار، مەسچىت، مەدرىس، خانىقا، جامالەرنىڭ ۋەخپە يەر كىرىمى-ۋە ئۆشرە-زاكات، قۇربانلىق سويۇلغان قوي-كالا تېرە-ئۈچەيلىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن ئىقتىساد بىلەن يېڭى مەدەنىي، مائارىپ ئىشلىرىنى كەڭ يولغا قويدى. 1933- يىلى 12- ئايدىن باشلاپ قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەدرىس، جامەلەردە ئوقۇۋاتقان تالىپلار ۋە جەمئىيەتتىكى ساۋاتلىق كىشىلەرنى، جۈملىدىن ياشراق مۇدەررىس، خەلپەتلەرنى يىغىپ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە يېڭى بىر مائارىپ دەۋرى باشلىنىپ كەتتى. قەشقەر شەھىرى نوبېشىدىكى بوتخانىنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى مەكتەپ سېلىندى. ئارقىدىنلا پاخال بازىرى، ئەنجان كوچا، دورغا بەگ كۆلبېشى، قوناق بازىرى قاتارلىق ئالتە ئورۇندا يېڭى مەكتەپ قۇرۇلدى، شۇنداقلا ھەر قايسى بەگلىك رايونلاردا دەسلەپتە بىردىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇنى كۆرگەن شۇ چاغدىكى ئىلغار كىشىلەردىن توختى ھاجىم ئۆز قولى بىلەن قىزىلدۆۋىدە بەش سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ سالدى. ئۆمەر داموللا، يۈنۈس قازى ئۇپالدا يەتتە سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدى. مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا بىر مەكتەپ سالدى. ئەمەتبەگ ھاجى تازغۇن رايونى كىرەملە كەنتىدە ئون سىنىپلىق بىر مەكتەپ

سالدى. مۇقارى ھاجى ياپچان ئەرمىدۇنغا بەش سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدى. بەشكېرەم قازىردىقتا ئابدۇ قادىر ھاجى بىر مەكتەپ سالدى. قادىر ھاجىم، ئىبراھىم لوزۇڭلار ئاپئاق خوجىغا ئىككى مەكتەپ سالدى. شۇنداق قىلىپ بىر يىل ئىچىدە كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يەكەن، پوسكام، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا، ئاتۇش، ئۇلۇغچات قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ شەھەر ـ بازار، يېزىلىرىغا ئارقىمۇ ـ ئارقا يېڭى مەكتەپلەر سېلىنىشقا باشلىدى. مەكتەپ سېلىنمىغان جايلاردا دىنىي مەكتەپ ئورنىنى يېڭى پەننىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىپ خەلپىتىم بىلەن تالىپلار ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇنىڭغا ھېچكىممۇ قارشىلىق قىلمىدى، بەلكى ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى.

قەشقەردە خەلق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ مائارىپنىڭ جان تومۇرى بولغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، مەكتەپلەر مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئەينى ۋاقىتتا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن خېلىلا ئارتىپ كەتتى. ئەمدىلا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان شېڭ شىسەي ئەينى ۋاقىتتىكى مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى تاپالمايۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە خەلق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا كېتەرلىك مەبلەغنى ئوڭايلا ھەل قىلغانلىقىدىن رازىمەن بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە، ۋىلايەتلەردە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇشنى قوللىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك، قازاق، تۇڭگان، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى ئۇيۇشما ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مائارىپىنى يولغا قويۇش، راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت يۈكى زور دەرىجىدە يېنىكلىدى.

ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئەينى ۋاقىتتا يېڭى مائارىپقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھوقۇقلۇق بىر ئورگان بولۇپ، مەدەنىي ـ مائارىپنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي كىرىم ـ چىقىملىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. شۇنىڭدەك مەكتەپنىڭ تۈرلۈك جاھازلىرىنى ياسىتىش، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىش، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇيۇشما رەھبەرلىك قىلاتتى. 1935 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە ھەر قايسى ناھىيىلەردە ناھىيىلىك ئۇيۇشمىنىڭ رەھبەرلىكىدە، چوڭراق رايونلاردا بىردىن شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. مەسىلەن: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان، سەمەن، بەشكېرەم، ئاۋات، توققۇزاق، بۇلاقسۇ، ئوپال ۋە تاشمىلىق رايونلىرىدا بىردىن شۆبە ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ، ھەر بىر رايوندا قۇرۇلغان 15 تىن 20 گىچە مەكتەپلەرنى شۆبە ئۇيۇشما باشقۇردى. يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئالتە شۆبە ئۇيۇشما، يەكەندە 12 شۆبە ئۇيۇشما، يېڭىساردا تۆت شۆبە ئۇيۇشما، مارالبېشىدا ئالتە شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. قالغان ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ چوڭراق رايونلىرىدىمۇ شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى.

قەشقەر قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، تاجىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، يېڭىشەھەر، يەكەن يېڭىشەھەر، خوتەندە خەنزۇ خەلق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەر دەرىجىلىك ئۇيۇشمىلار بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلەش ئارقىلىق كەڭ شەھەر، بازار، رايون، يېزا-كەنتلەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى ناھايىتى تېزدىن ئومۇملىشىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ كۆپچىلىكى مەكتەپ قوينىغا ئېلىنىدى، ساۋاتسىز قالغان 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ياشلارمۇ ئۆزلۈكىدىن كېلىپ مەكتەپلەردە ئوقۇدى.

ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياجنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى باشقۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن سان جەھەتتىمۇ ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدى. مۇھىمى سۈپەت جەھەتتە تەلەپنى ھەل قىلالمىدى.

كېيىنكى تەرەققىيات ۋە ئۆسۈۋاتقان ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ 1934- يىلى ئاقسۇدا بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، 1935- يىلى قەشقەردە بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، 1940- يىلى خوتەندە بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، 1944- يىلى يەكەندە بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە قاراشەھەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، ئىككى تولۇق ئىش كۆرۈپ، ھەم قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى باشقۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن مۇنتىزىم سىنىپلارنى باشقۇرۇپ، مائارىپنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا ناھايىتى ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى ناھايىتى تېزلىكتە، يەنى 1936- يىللىرى ئاساسەن ئومۇملاشتى. مەسىلەن: قەشقەر ۋىلايىتىدە ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى باشقۇرۇشىدىكى سىنىپ سانى 2500 گە يېتىپ، ئوقۇغۇچىلىرى 120 مىڭدىن ئاشتى. ئۇيۇشما تەرىپىدىن ئىش ھەققى ئالىدىغان ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 3000 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگە ئاشلىق بېرىلەتتى، باش مۇئەللىمگە 600 جىڭ، ئادەتتىكى ياردەمچى مۇئەللىمگە 200 جىڭ ئاشلىق بەردى.

خەلق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مالىيە ئىقتىسادى جەھەتتە قولى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي خەير-ساخاۋەت ۋە ئوقۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك ئىشلارنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ياردىمىگە، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھېسداشلىقىغا ئىگە بولدى. ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىلار ۋىلايەت مەركىزىدە كوچا، بازارلاردا ئىگە - چاقىسىز قالغان، ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم-يېسىرلار ئۈچۈن دارىلئېتام مەكتىپى ئېچىپ، ئۇلارنى پۈتۈن تەمىنات بىلەن ئوقۇتۇپ، نۇرغۇن ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈردى. مەسىلەن: قەشقەر شەھىرى ياۋاغدا دارىلئېتام مەكتىپى قۇرۇپ 300 دىن ئارتۇق بالىنى قوبۇل قىلىپ پۈتۈن تەمىنات بىلەن تەمىن ئېتىپ ئوقۇتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ دارىلئېتام مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، يېتىم - يېسىر بالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئوقۇشسىز قېلىپ، جەمئىيەتتە تەمتىرەپ يۈرۈشتىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، ئۇلارنى جەمئىيەتكە كېرەكلىك ئادەملەر قىلىپ چىقتى. جۈملىدىن يېتىم - يېسىر، ئاجىز - مېيىپ ئادەملەر، تىلەمچىلەر قاتارلىق كىشىلەرگىمۇ غەمخورلۇق قىلىپ ئۇلارنى ئوقۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن دارىلئاجىزىن قۇرۇپ، ئۇلارنى يىغىۋېلىپ، ياتاق، ئوزۇ-

كۆرپە، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ، كېسەللەرنى داۋالاپ ئۇلارنى خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

قەشقەر ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، قەشقەر گارنىزون ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى ناھايىتى كۆپ ئىجتىھات كۆرسەتتى. ئۇ مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپلەرگە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ 1934- يىلى قەشقەردىن ئابدۇراخمان مۇھىتى، سەيپىدىن ئەزىزى، سەيپۇللايوپ قاتارلىق 20 نەچچە نەپەر ياشلارنى سوۋېت ئۆزبېكىستان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئوقۇشقا چىقاردى. 1935- يىلى تۇرسۇن ئېلى، ئۆمەرتۇردىيوۋ، ھوشۇر نىياز، ئەمەت ئۆمەر، ئابلەق ئەزىزى، ئەمەت تۇردى، ئابدۇۋاقى ئابباسوۋ، ھامۇت مەھمۇت، ئابلەت ھوشۇرۇپ قاتارلىق 200 نەچچە ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئۈرۈمچىدارىلمۇئەللىمىن بىلەن گىمنازىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

1936- يىللىرى ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، 1937- يىلدىن باشلاپ بىر قىسىم مەكتەپلەر ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ئىككى خىل مەكتەپ سىستېمىسى شەكىللەندى. يەنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنى مەكتەپ دەپ ئاتالدى، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر خۇيلى مەكتەپ دەپ ئاتالدى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئاساسەن چوڭراق رايونلاردا يېزا ـ شەھەر، ناھىيە بازارلىرىدا بىردىن بولۇپ، بۇلارنىڭ پۈتكۈل خىراجىتى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تارقىتىلدى. ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ بارلىق خىراجەت ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىۋە مەكتەپلەرنىڭ ئەسلىھات ۋە باشقا چىقىملىرىنى ئۇيۇشما تەرىپىدىن بېرىلەتتى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى مۇقىم، مال باھاسى تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار خاتىرجەم ئىدى. شۇڭا پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش بىلەن ھارماي ـ تالماي شۇغۇللاندى.

خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئومۇمىي مائارىپنى ئوتتۇش بىلەن بىرگە، مەدەنىيەت خىزمىتىنىمۇ ناھايىتى جانلاندۇرغانىدى. 1935- يىلىدىن باشلاپ ۋىلايەتلەردە ۋىلايەتلىك سانايىنەفىسە (سەنئەت ئۆمىكى)، ناھىيىلەردە ناھىيىلىك سانايىنەفىسە، رايون، مەركىزىي مەكتەپلەردە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۇرژۇكلىرى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتى ناھايىتى جانلاندى. شۇ دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان ئويۇنلار كۆرسىتىلدى. مەسىلەن: 30- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاتا ـ ئانىلارنى ئۆز پەرزەنتلىرىنى پەننىي مەكتەپلەرگە بېرىش ھەققىدە ناخشا ـ تىياتىرلار ئوينىلىپ ئۇلاردىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق كۆز قاراشلاردىن ئازاد قىلىندى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش مەزمۇن قىلىنغان ناخشا، مۇزىكا، دراما، تىياتىر، كومېدىيە ئوينىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئويغىتىلدى. مەسىلەن: «ئەستىكىم ئوقۇش» (كىچىك ئوپېرا) دا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جانىم ئاتا كۆردىڭىزمۇ مەكتەپ ئېچىلدى،
مەرىپە تىنىڭ بوستانىغا نۇرلار چېچىلدى.
نېمە ئۈچۈن ئوقۇش ماڭا مەنئى قىلىندى؟
شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ كۆزۈم ياشقا تولدى.

بۇ كىچىك ئوپېرا ئەزەلدىن فېئوداللىق ئىدىيە ئىسكەنجىسىدە قىزلارنىڭ ئوقۇتۇشىنى مەنئى قىلىپ كەلگەن خۇراپاتلىق ئۈستىدىن ئۇرۇش ئېلان قىلىنىپ، قىزلار — چوكانلار مەكتەپلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان.

ناخشا: «قوپ ئى ئاداش»

قوپ ئى ئاداش بىر ئەتراپىڭغا باق،
ياق، نە كۆرەرسەن، ئويلانغىن ئۇزاق.
دەرسۇ — ئېرەتلەر كېلۇر بۇ جاھاندىن،
ياۋروپالاردىن ئال ئەمدى ساۋاق،
بىر — ئىككى — ئۈچ، بىر لىكتۇر كۈچ.

بۇ ناخشا ياشلارنى ئىلىم — ئېرپان ئۆگىنىشكە، مىللەتنى ئىلىم — پەن بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئېلىپ، ياۋروپالىقلاردىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن ئوقۇش، پەن-مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە چاقىرىلغانىدى.

ھەر دەرىجىلىك سانايى نەفىسەلەر، «گۈلنىسا»، «ئۆگەي ئانا»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «جاھىل ئاتا»، «دەللال»، «ئاكىجان»، «بىلە يزۈكۈم»، «يار — يار» قاتارلىق جاھالەتكە قارشى ئويۇنلار كەڭ ئوينالغان.

كلاسسىك درامىلاردىن «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرا» قاتارلىقلار ئوينىلىپ، خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى يەنىمۇ جانلاندى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن «خەلق خەزىنىسى»، «قىزىل بايراقلە پىلدەيدۇ»، «شائخەي كېچىسى»، «يەنە ئالدىنقى سەپكە»، ل. مۇتەللىپ يازغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق درامىلار ئوينىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان قارشىلىقى كۈچىيىپ، ئالدىنقى سەپكە بەس — بەس بىلەن ياردەم بەرگەن.

1989 — يىلى مارت، قەشقەر.

# قۇمۇل ۋە لاپچۇق ھەققىدە

ئوسمان تۆمۈر

(1)

قۇمۇل قەدىمكى دەۋرلەردە «ئېۋىرغول» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، تارىختىكى مەشھۇر «يىپەك يولى» شەرقىي چوڭ تارمىقىنى تەشكىل قىلغان مۇنۇ ئاساسىي تۈگۈن ئۈستىگە جايلاشقان:

1) دۇڭخۇاڭدىن شىڭشىڭشاغا چىقىپ كېلىۋاتقان كارۋانلار قۇمۇلغا كىرىپ ئۆتۈش بىلەن بارىكۆل ئارقىلىق مورى، سانجىلارنى بېسىپ، ئىلى رايونىنى كېسىپ روسىيە زېمىنلىرىغا ئۇلاشقان.

2) دۇڭخۇاڭدىن قوزغالغان كارۋان قۇمۇلنىڭ توغرا جەنۇبىي — بوغاز يېزىسىنى 1 ـ چۈشكۈن قىلىش ئارقىلىق قۇمۇلغا كىرىپ ئۆتۈپ، تۇرپانغا چۈشۈپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ، كۇچار ـ قەشقەر زېمىنلىرى ئارقىلىق ئىرانغا كىرىدۇ.

3) پۇتاق يول بولسا، 1 ـ مىلادىيىدە ئېچىلغان بولۇپ، ئۇ قۇمۇلدىن باشلىنىپ ھازىرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ «چېرچەن» ۋە «ئەشمە» قاتارلىق يېزىلىرى ئارقىلىق لوپنۇردىكى «باش توغراق» دېگەن جايغا تۇتاشقان. غەربىي خەن سۇلالىسى ئۆز دەۋرىدە جىڭجى ئىسىملىك باش ئەلچى يېتەكچىلىكىدە غەربىي رايونغا تۇنجى قېتىم ئەۋەتكەن 1200 كىشى مانا شۇ جايلاردا بوز يەر ئاچقان.

بۇ كەڭ زېمىندا ھازىرقى كۈندە 26 مىللەت كىشىلىرى ياشىماقتا. تارىختىن بۇيان بۇ زېمىنلەرنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە قەد كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان كېسەك تاملار، ئېگىز ۋە قېلىن سوقمىلار بىلەن قورشالغان خارابىلار، قەدىمكى ئىزلار، ئېگىز مۇنارىلار — تۇرىلار، بېزەكلىكلەر (گۈللۈك كىمىرلەر) بىلەن، تاغلىق رايونلاردا بولسا، تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن قالغان تاش شەھەر ـ يېزىلار، ئېگىز تاغلار ئۈستىگە قۇرۇلغان چارۋىچىلارنىڭ تاش ئۆيلىرى بىلەن تاش كاڭلار ۋە شۇ مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي قەبرىلەر تۈركۈملىرى بىلەن ئۇلار ئۆز تۇرمۇش پائالىيەتلىرى داۋامىدا كەشىپ قىلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش قورالى قىلىشقان ھەر تۈرلۈك ئەۋرىشكىلەر، ئىپتىدائىي دېھقانچىلىقنىڭ ئېگىز تاغلار باغرىدىن ئاچقان پەللەمپەي ئېتىزلىرى بىلەن ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ قەدىمكى ماكاننىڭ تاغ ـ تاشلىرىغا، يېزىق ئىجادىيەتلىرىدىن ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ رېئال تەسۋىرلىرى سۈپىتىدە چېكىلگەن «قىيا

www.uyghurkitap.com

تاش سۇرەتلەر» تۈركۈملىرى بىلەن يېزىق مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىغا كېلىشكە باشلىغان زامانلاردىكى ھەرخىل ھەرپلىك يېزىقلارنىڭ تاغ ـ تاشلارغا چېكىپ قالدۇرغان نەمۇنىلىرى، قەغەز كەشپىياتىدىن كېيىنكى رەسمىي ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا كۆچۈرۈلگەن، چەت تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان «مايىترى سىمىت» قاتارلىق مەدەنىيەت نامايەندىلىرى ساقلىنىپ كەلگەن، شۇنىڭدەك بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ شېۋىلىرىمۇ بىر قەدەر بۇزۇلماي ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي ئارخىپلار ئورنىدىن ئىبارەت.

شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا شۇ قاتارلىق ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ جانلىق تارىخىي شاھىدى بولۇپ كېلىۋاتقان قۇمۇل بىلەن لاپچۇق شەھەرلىرىنىڭ نامى ۋە شۇ شەھەرلەردە تارىختىن بۇيان ئەۋلاد يېڭىلاپ كېلىۋاتقان قەبىلىلەر ئادەملىرىنىڭ ئىسىم ـ نامىلىرىمۇ ھەر بىر تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ تۆۋەندىكىچە ئۆزگىرىپ كەلدى. مەسىلەن:

ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە: مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرلەردە شۇ ماكانلاردا، تۈركلەرنىڭ «قاڭنالى» دېگەن قەبىلىلىرى (ھازىرقى قېرىنداش قازاق خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەجدادلىرى — ئۇيسۇنلار) ياشىغانىكەن. شۇ چاغلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خانلىرىنى «كۈنمى» دەپ ئاتىغان. خانلىرى ماكان تۇتقان ئوردىگاھلىرىنى «كونىمىل» دەپ ئاتاشقان. ئۇلۇغ ئالىم ۋە ئاتاقلىق تارىخچى موللا مۇسا سايرامى يازغان «تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن ئەسەردە بۇ يۇرتنىڭ نامىنى «قامىل» دەپ ئاتىغان. قامىل دېگەننىڭ مەنىسى بولسا، قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «قامال» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۇنىڭ مەنىسىنى «قورغان قەلئە...» دېگەنلەردىن ئىبارەت دەپ ئىزاھلىغان. چىيەنلۇڭ زامانىدا تۈزۈلگەن «غەربىي رايون تىللىرىدىكى جۇغراپىيىلىك ناملار» دېگەن ئەسەردە ھازىرقى «قۇمۇل» دېگەن سۆز، ئۇيغۇرچە «قارامىلى» (哈勒密勒) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. «قارا» دېگەن سۆز — بىر نەرسىگە قارىماق، كۆزەتمەك، ساقلىماق، «مىلى» ياكى «مىل» دېگەن سۆز — ئېگىز قورغان، ئېگىز تۇرا... دېگەنلەردىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتكەن.

سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەردە مۇنۇ مەلۇماتلار بار:

خەن دەۋرىدە قۇمۇل «يىئۇلۇ» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچىدا «ئېۋىرغول» دېيىلگەن.

تاڭ دەۋرىدە قۇمۇل «يىجۇ»، «شىجۇ» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچىدا غەربىي ئوبلاست دېيىلگەن.

سۇڭ دەۋرىدە قۇمۇل «خۇيگۇ» دەپ ئاتالغان.

يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە، قۇمۇل ۋېيۋۇۋاڭ (ئۇيغۇر ۋاڭلىقى) ياكى «ناخۇلى»① دەپ ئاتالغان. 1368 ـ يىلى ئۆلگەن قۇمۇل ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى ناخۇلى بولۇپ، بۇ يۇرتنىڭ نامى ئەنە شۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى ئاھاڭىغا ساددىق بولغان ھالدا ئاتالغان. كېيىنكى چاغلاردا بولسا بۇ يۇرتنىڭ نامىنى «سۇۋاڭ» دەپمۇ ئاتىغان. بۇ جايلاردا

مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرلەردە ئۇيسۇنلار، مىلادى I ئەسىرگە كېلىپ ھونلار ياشىغان، غەربىي رايوننىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ماناشۇ ھونلار ئوغۇزخان (باتۇر تەڭرىقۇت) نىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇدرەتلىنىپ، قەدىمكى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ۋە غەربىي شىمالىي رايوندىكى كەڭ زېمىنلارنى ئۆزىگە قارىتىپ، تارىمنىڭ جەنۇبىدىكى «ناجى» خانلىقىنى (بۇ خانلىق تارىختا پىچان دەپمۇ ئاتالغان)، شەرقىي تەرەپتىكى ئۇيسۇن خانلىقى، چۆ-چەك ئەتراپىدا ياشاۋاتقان ئوغۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 36 شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ 26 سىنى بىرلەشتۈرۈپ، كېيىن (ھازىرقى گەنسۇ) رايونىدىكى خېشى كارىدورىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشاۋاتقان ياۋچىلارنى (يۈەرچىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىلى ۋادىلىرىغا، شۇنىڭدەك ئۇۋا رايونىدا ياشاۋاتقان ساكلارنى پامىر ئەتراپلىرىغا كۆچۈشكە زورلىغاندىن تاشقىرى، يەنە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 161-، 162-يىللار خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى دۇڭخۇاڭنى مەركەز تۇتۇپ② كەڭسۇدا ياشاۋاتقان ئويسۇنلارنىمۇ ئىلى ۋادىلىرىغا كۆچۈشكە زورلىغاندىن باشقا، شۇ چاغدىكى خەن سۇلالىسىگىمۇ زور تەھدىت سېلىش بىلەن ھازىرقى قارا شەھەردە «قۇللارنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى» قۇرۇپ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 96-يىللار) ھازىرقى شىنجاڭنى ئەنە شۇ مەھكىمە ئارقىلىق باشقۇرغان.

جاڭچيەن غەربىي رايونغا كىلىشتىن ئىلگىرى يەنى مىلادىدىن ئىلگىرى 174-يىلى باتۇرخان (ئوغۇزخان) ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى كۆيۈكخان تەخت ۋارىسى بولغاندا خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋېندى كۆيۈكخاننى تەبرىكلەپ ئالاھىدە ئەلچىلەر ئەۋەتكەن، بۇ ئىشتىن سەل ئىلگىرى پادىشاھ خەن ۋېندى قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، خان جەمەتىدىن بىر مەلىكىنى كۆيۈك خانغا ياتلىق قىلغانىدى. لېكىن ھونلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى بۇنداق چارە-تەدبىرلەر توسۇپ قالالمىدى. ئاخىرقى نەتىجىدە جاڭچيەننىڭ ئەلچىلىكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. شۇ غەلىبىلەر بەدىلىگە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 105-، 110-يىللار خەن ۋۇدى پادىشاھ، ئۇيسۇن ھۆكۈمرانلىرى بىلەن قۇدىلىشىشنى كەڭ يولغا قويۇپ، جاڭدۇنىڭ بېگى ليۇجيەننىڭ قىزى مەلىكە شى جۈن (نازاكەت مەلىكە دەپ ئاتالغان) ئۇيسۇنلارنىڭ ياشىنىپ قالغان ھۆكۈمرانى كۈن بېكە (يەنە بىر ئاتىلىشى لاجۇمى ئىدى) گە ياتلىق قىلىندى. نەتىجىدە نازاكەت مەلىكە ئۆلگەندىن كېيىن خەن ۋۇدى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 100-يىلى چۇ بەگلىكىنىڭ بېگى ليۇ ماۋنىڭ نەۋرىسى جيەيۇي مەلىكە (غەم خالاس مەلىكە دەپ ئاتالغان) ياتلىق قىلىنغان چاغدا، لاجۇمى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىقىغا قونشىمى تەخت ۋارىسى بولدى. نەتىجىدە بۇنىڭغا ياتلىق بولغانىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ خىل چارە-تەدبىرلىرى ۋاقىتلىق ئۈنۈم بەردى. مانا شۇ چاغدا غەربىي خەن ئەۋەتكەن تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكىجىلىكچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

باشچىلىقىدا 1200 كىشى غەربىي رايونغا كېلىپ بوز يەر ئاچقان بولسىمۇ، مىلادىيىنىڭ 9 - يىلى ۋاڭ ماڭ تەرىپىدىن غەربىي خەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن غەربىي رايوندا قۇرۇلغان مەھكىمىلەر پارچىلىنىش نەتىجىسىدە غەربىي رايوندا ئۇششاق بەگلىكلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلاپ، ئۇلارنىڭ سانى 56 مۇستەقىل شەھەر دۆلىتىگە يەتكەنلىكىنى بەنگۇ يېزىپ چىققان «غەربىي رايون تەزكىرىسى» دىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

دېمەك: يۇقىرىقى تەكرار تارىخىي جەريانلارغا ئاساسلانغاندا بۇ رايوندا قەدىمكى زامانلاردا تۈركلەر، ئۇيسۇنلار، ھونلار ۋە ھونلار ئەتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ياشىغانىدى.

IV ئەسىردىن كېيىنكى تارىخىي جەريانلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مىلادى 478 - يىلى جۇجانلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شىمالىدا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان قان - قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇشۇپ، تارىختىكى «قانقىللار» ياكى ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ چېگرىسى شۇ چاغلاردا شىمالدا ئالتۇنتاغ (ئالتاي تاغلىرى)، شەرقتە قۇمۇل، غەربتە سايرام كۆلى، جەنۇبتا قارا شەھەر ۋە لوپنۇر ئەتراپلىرىغىچە سوزۇلۇپ پايتەختىنى ماناس بويىدا قۇرغانىدى. بۇ خانلىق قۇرۇلۇپ شىمال تەرەپتە جۇجانلار بىلەن، قارا شەھەر ئەتراپىدا ئاق ھونلار بىلەن، لوپنۇر ئەتراپىدا بولسا، تىبەتلىكلەر بىلەن دائىما ئېلىشىپ كەلگەن.

VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كېلىپ بۇ رايونلارنى يۇرۇن تىكىن باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «ئىدىقۇت خانلىقى» [3] ئۆز تەۋەلىكىگە ئېلىشقان. يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا قۇمۇل رايونى مىلادى IV ئەسىر ئاخىرلىرىدا، ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى تەۋەلىكىدە، VIII ئەسىرگە كېلىپ ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەلىكىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەركەزلەشكەن زېمىنلارنىڭ شەرقتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شەھەرلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش بىلەن بىرگە شۇ زامانلاردىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە خېلى روناق تاپقان خەلقئارالىق سودا تۈگۈنلىرىنىڭمۇ بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما قەدىمكى «قۇمۇل شەھەر» ئورنىنىڭ قايسى جايدا ئىكەنلىكى تېخىچە بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا.

(2)

ھازىرقى «لاپچۇق» قەدىمدە «ناجى» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدەك 758-مىلادىيە «لاپچۇق»، يەنى «ناجى» دەپ ئاتىغانىدى. «ناجى» دېگەن بۇ ئىسىمغا ئەينى زامانداقاراتۇۋە، سۇمقاغا، توغۇچى يېزىلىرى تەۋە قىلىنغان. ناجى شەھەر خارابىسى ھازىرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. لېكىن بۇ شەھەر قايسى دەۋرلەردە، قايسى قەبىلىلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش داۋاملىشىپ كەلمەكتە:

1- خىلى، بۇ شەھەرنى قايسى قەبىلىلەر، قاچان، قايسى دەۋردە بىنا قىلىنغانلىقىنى دەلىللەپ بېرەلمىسىمۇ «خەن دەۋرىدە بىنا قىلىنغان» دېگۈچىلەر، بۇلارنىڭ پاكىتى — خەن سۇلالىسى يۇڭفىڭ 16- يىلى (يەنى خەن مىڭدى زامانى) خەن سۇلالىسىنىڭ «سەركەردىلىرىدىن كېلىپ، ئېۋىرغولنى بېسىۋالغاندىن كېيىن بۇ يەرگە «قورۇقچى بەگ» بەلگىلەپ، مەخ-

ئىدارە قىلغان ۋە تېرىقچىلىق ئەسكەرى تۇرغۇزغان بولۇپ «ناجى شەھىرىنى مانا شۇ چاغدا بىنا قىلغان» دەيدۇ. بۇ شەھەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى 300 مېتىر ئىدى. بۇ شەھەر ئەسلىدە ئىككى جايدا بولۇپ كىچىكرەكى سۈي سۇلالىسى زامانىدا بىنا قىلىنغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «غەربىي رايون تۇتۇق ھەراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي گازارمىسى بولغانىدى...» دېگۈچىلەر.

2ـ خىلدىكى پىكىر بولسا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 77 ـ يىللاردىمۇ ئىلگىرى لوپنۇردىكى قەدىمكى روران («لولان» دەپمۇ ئاتالغان) شەھىرىنىڭ قەدىم نامى «ناجى دەپ ئاتىلاتتى...» بۇ نام مىلادىدىن ئىلگىرىكى 77 ـ يىلغا كەلگەندە «پىچان» (خەنسۇلار بۇ شەھەرنى «شەنشەن» دەپ ئاتىغان) دەپ ئۆزگەرگەن. شۇ دەۋردىكى پىچانلىقلارنى خەنسۇلار «خۇلار» (غوزلار) دەپ ئاتاشقان. مىلادى 493 ـ يىلى غوزلار بىلەن تۇغلۇقلار ئۆز ئارا سوقۇشۇپ ئاخىرى غوزلار يېڭىلگەندىن كېيىن تۇغلۇقلار تەرىپىدىن غوزلارنى بۇ ماكاندىن قوغلاپ چىقارغان (بۇ چاغدا خەنسۇلار تۇغلۇقلارنى «دىڭلىڭلار» دەپ ئاتىغان). يېڭىلگەن خۇلارنىڭ بىر قىسمى لاپچۇق رايونلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئەينى چاغدىكى ئېۋىرغول ھۆكۈمرانلىرىدىن بۇ جاينى سوراپ ئېلىپ، لاپچۇق قەدىمكى شەھىرىنى بىنا قىلىپ شەھەر نامىنى ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانىنىڭ نامىغا «ناجى» شەھىرى دەپ ئاتىغان.⑤ كېيىن 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، ئادەملىرى غەربكە قاراپ كۆچكەندە ئۇلارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى قۇمۇلنىڭ تاغلىق يېزىلىرىغا كېلىپ، بۇ جايلاردا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا، لاپچۇق رايونلىرىغا كېلىپ يەرلىك خۇلار (غوزلار) غا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دېگەنلەردىن ئىبارەت.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا كېيىنكى خىلدىكى كۆز قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى بىلەن ئۇنىڭ تۈگىگەن ۋاقتى مىلادى 581 ـ يىلدىن 618 ـ يىللار ئىدى. مانا شۇ چاغدا سۈي سۇلالىسىنىڭ شۇشى شۇڭ ئىسىملىك بىر سەركەردىسى ئەسكەر تارتىپ كېلىپ يۇقىرىقى كىچىك قورغاننى سالدۇرغىنى راست. ئۇنىڭ سالدۇرغان قەلئەسىنىڭ ئورنى قەدىم ناجى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تۇتاشقان بولۇپ، بۇ قەلئەنىڭ قالدۇق سېپىللىرى ھازىرمۇ ھەر تەرەپكە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. سېپىلنىڭ ھازىرقى ساقلىنىپ تۇرغان بىر قىسىم ئېگىز جايلىرى 5ـ6 مېتىر بولۇپ، تامنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر كېلىدۇ. بۇ خارابىنىڭ شىمالىي بىلەن جەنۇبىي تەرىپىدە ئىككى ئورۇندا دەرۋازا ئورنى ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ قەلئە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھەربىي گازارما قىلىنغىنى راست. بۇ ھەقتە «خەننامە، غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە مۇنۇ ئىزا-

ھاتلار بار: مىلادى 608- يىلى يېجۇ (قۇمۇل) ساتىروق باشچىلىقىدا 582 - مىلادىيىدە قۇرۇلغان تۈرك خانلىقىدىن تارتىپ ئېلىنىپ، ئىلگىرىكى «يېجۇ» دېگەن نام «يىئىۇلۇ» (ئېۋىرغول) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 610 - مىلادىيە ئېۋىرغول ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، قەدىمكى لاپچۇق شەھىرىگە يانداش بىر ئەسكەر خانا سالدۇرغان دېيىلگەن. شۇ چاغدىكى قۇمۇل ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى «تۇدۇن شات» ئىسىملىك بىر شەخس ئىدى.⑥

«ناجى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ «لاپچۇق» دەپ ئۆزگەرتىلگەن ۋاقتى مىلادى 555-يىلى (لياڭ خانلىقى جىڭدىنىڭ جاۋتەي 1 - يىلى) دۇنياغا كەلگەن. تۈرك خانلىقى مانا شۇ رايونلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن «ناجى» دېگەن نامنى «لاپچۇق» دەپ ئۆزگەرتكەن.

لاپچۇق دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەناسى بولسا، لاپ — دۆڭلۈك، ئېگىزلىك، يار-قىيا، دۆڭلۈكلەر، ئېگىزلىكلەر، ياردانلىقلار، قىيالار... دېگەنلەردىن ئىبارەت. چۇق دېگەن سۆز — كۆپ، تولا، جىق، نۇرغۇن ... دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلمىسىدىن قارىغاندا، ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھېسابسىز دۆڭلۈكلەر، ئېگىز مۇنارلار، كونا سېپىللار، تۇرالار، بۇتخانىلار بۇ نامنىڭ شاھىدى بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ (ئۇيغۇرلار) «قارلۇقلار» دەپ ئاتالغان قەبىلىلىرى يەتتە سۇغا كۆچۈپ كەتكەن. مەسىلەن: شىمالىي سۇلالىلار تارىخىنىڭ 99 - جىلد «تىللار تەزكىرىسى» دېگەن قىسمىدا يېزىلىشىچە، VI - VII ئەسىرلەردە «دىڭلىڭلار» نىڭ قارلۇق قەبىلىلىرى باردىكۆلنىڭ داخې يېزىلىرىدا، لاپچۇق يېزىلىرىدا ياشىغانلىقى يېزىلغان. شۇ خىل تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىلىرى يەتتە سۇغا كۆچكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىل ۋە نەسەبلىرى ئۇيغۇرلارغا بىر تۇغقان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تامامى ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ كەتمىگەن، بەلكى ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى شۇ تارىخىي ماكانلاردا ئەۋلاد يېڭىلاپ كەلگەن. مەسىلەن: لاپچۇق يېزىسى ھازىرقى قەدىمكى لاپچۇق شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ مەھەللىدە تارىختىن بۇيان ئەۋلاد قالدۇرۇپ، نەسىل يېڭىلاپ كېلىۋاتقان بىر قانچە ئائىلىلىك دېھقانلارنىڭ لەقەملىرى «قارلۇق» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ۋەكىللىرى — قارلۇق ئىسھاق، قارلۇق نىياز، قارلۇق مەمەتنىياز، قارلۇق توختىنىيازۋە قارلۇق سىتتى... لاپچۇق يېزىسىنى ئىككىگە بۆلۈپ، 31 مېتىر كەڭلىكتە، 11 مېتىر تىرەنلىكتە ئېقىۋاتقان چوڭ غولنى كونا ئادەملەر (ياشانغان كىشىلەر) «قارلۇق ئۆستەڭ» دەپ ئاتىشىپ كەلمەكتە. ناجى ياكى لاپچۇق قۇمۇلنىڭ (قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 65 كىلومېتىر كېلىدۇ. قەدىمكى ناجى ياكى لاپچۇق خارابىسىنىڭ ھازىرقى ئورنى شىمالىدىن جەنۇبقا 440

مېتىر، غەربىتىن شەرققە كەڭلىكى 124 مېتىر كېلىدۇ. خارابىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۈچ جايدا كونا ئوردا خارابىسىنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. خارابىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە 15 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر مۇنارە ساقلىنىپ كەلمەكتە. يەرلىك كىشىلەر بۇ خارابە ئالدىدىكى كىچىك مەھەللىنى «شەھەر ئالدى» دېيىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىلىرىچە، ئۆز زامانىدا بۇ شەھەرنىڭ «توققۇز دەرۋازا»سى بولغان ئىكەن. ھازىرمۇ بۇ خارابىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىكتە بىر قانچە جايدا دەرۋازا ئورۇنلىرىنىڭ ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان.

لاپچۇقتىكى «خۇلار» غا كەلسەكمۇ ئەھۋال ئوخشاشلا ئورتا قىلىققا ئىگە. مەسىلەن: لاپچۇق مەھەللىسىدىن چىقىپ قارا تۈۋە يېزىسىغا كېتىۋاتقان چوڭ يول بويلاپ قاتار تىزىلغان تۈگمەنلەر جايلاشقان مەھەللىنى «تۈگمەن بويى» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ياشانغان يەرلىك كىشىلەر بۇ مەھەللىنى «خۇلار» (غۇزلار) مەھەللىسى دەپ ئاتايدىكەن. جۈملىدىن بۇ مەھەللىدىمۇ بىر قانچە ئۆيلۈك دېھقانلارنىڭ لەقەملىرى «خۇ»لار دېيىلىدىكەن. مەسىلەن: خۇ ئىلياس، خۇ سەيدۇل، خۇ ئابدۇۋايىت، خۇ ئىبراھىم قاتارلىقلار.

ناجى شەھىرىنى خۇلار بىنا قىلغانلىقى توغرىسىدا يۇقىرىقى خاتىرىلەرنى ئەسلەپ ئۆتتۇق. بۇ ھەقتە خەلق ئىچىدە مۇنداق بېيىتلارمۇ ساقلىنىپ كەلگەن:

«... ئاتاڭ ناجى ـ ئاناڭ ناجى،
شەھەرنى ئالدى قوڭتاجى.
ئاڭا بولمىساڭ رازى،
ئاتاڭ قالماق ئاناڭ راجى ...»

بۇ خىل ناخشا-بېيىتلىرى زامانىمىزدىن تەخمىنەن 350 يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن جۇڭغار ھۆكۈمرانى ئىردەنى باتۇر قۇنتەيجى ئۈستىدىن شىكايەت بولسىمۇ مانا شۇ «ناجى» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنى يورۇتۇشقا يىپ ئۇچى بولالايدۇ.

---

ئىزاھلار:

① مىڭ سۇلالىسى تارىخىي 28-توم، غەربىي رايون تەزكىرىسى 330 - جىلدكە قارالسۇن.

② «ئۇيسۇن تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - كىتابىنىڭ 2 - بېتىگە قارالسۇن.

④ «ناجى» دېگەن نامنىڭ «پىچان» دەپ ئىسۆزگىرىش جەريانلىرى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1983 - يىلى 3-، 4 - بىرلەشمە سانىدىكى شى بىڭ ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ تارىخىدىكى مۇھىم ئىسىملار يىلنامىسى» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

⑤ «قۇمۇل تەزكىرىسى» 1984 - يىل يېڭىر ئېلىش نۇسخىسىغا قارالسۇن.

⑥ شىنجاڭ تارىخىي 1 - كىتاب 162- بېتىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

مەھەممەت ئېيسا

مەدەنىيەت ئىنسانىيەت ئەقلى ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئىنسانلار ئەقلى ـ پاراسىتى ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئوموملاشقان شەكلى بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى ماھىيەتتە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئادەم بولۇپ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ، ھازىرغىچە بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىستىك جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتلەردىن ئىبارەت تارىخىي باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىمۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئوخشىمىغان شەكىل، ئوخشىمىغان ھالەتلەردە بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلىپ ماڭغان. شۇڭا ھەر قايسى جەمئىيەت مەدەنىيىتى بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ پەرقىمۇ ئەمەلىيەتتە شۇ جەمئىيەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئىجادىيىتى. ئۇ ھەم ھەر بىر شەخسكە مەنسۇپ، ھەم پۈتكۈل جەمئىيەتكە مەنسۇپ. چۈنكى ھەر بىر ئادەم بەلگىلىك تۇرمۇش بىلىمى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە بەلگىلىك دۇنيا قاراشقا، قىسقىسى بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ كونكرېت مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ شۇ جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بەلگىلىك مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇ مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ كونكرېت مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەدەنىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپلا ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى بىلەن، يەنى ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر دۆلەت، ھەر بىر شەخسنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان مىللەت، دۆلەت ۋە شەخسلەر ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە رېئاللىقنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئەمەس، بەلكى ئۇلار رېئاللىقنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىگە پايدىسىز بولغان شارائىتنى مەدەنىيەت بىلىملىرىگە تايىنىپ پايدىلىق شارائىتقا ئۆزگەرتىپ، ھامان باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا تارىختىن بۇيان پەيلاسوپلار، جەمئىيەتشۇناسلار، ئىنسانشۇناسلار، مىللەت-

شۇناسلار، تارىخشۇناسلار مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ نادانلىقتىن، مۇھتاجـ لىقتىن، جاھالەتتىن، مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىنبىر يولى مەدەنىيەت ئۆگىنىش ۋە ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. مەدەـ نىيەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە مەدەنىيەت دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسى، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار، مەدەنىيەتنىڭ كاتېگورىيىلىرى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى قاتارلىقلار ھەققىدە سۆز ئاچقاندىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى مەدەنىيەت تەرەققىياـ تىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ سەۋەبلەر، يەنى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولـ دىغان زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

I

مەدەنىيەت دېگەن ئۇقۇم ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەدەنىيەتنىڭ تۈر ـ شەكىللىرى ۋە ئىپادىلىنىش ئۇسۇللىرى ھەر خىل،ھەر ياڭزا بولىسـ مۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق دېيىشكە بوـ لىدۇ: مەدەنىيەت ـ ئىنسانلار ئىجادىنىڭ ئوخشىمىغان ھالەتلەردىن تەركىب تاپقان ئالاھىـ دە سۈپەتلىرىنىڭ بىرىكمە شەكلىدۇر. تەبىردىكى «ئىنسان ئىجادى» دېگىنىمىز، ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، تەبىئىي شەيئىلەرگە قارىتا ئىش قوـ شۇش، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئىجتىمائىي مەھسۇلاتقا ئايلانـ دۇرۇشقا قارىتىلغان. «ئىنسان ئىجادىنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىرى» دېگىنىمىز ئىككى خىل مەـ ناغا ئىگە: بىرى، ئۇ ئىنسان ئىجاد قىلغان شەيئىنىڭ ئەڭ كىچىك مۇستەقىل بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، بەلگىلىك مەدەنىيەت ئەھمىيىـ تىگە ئىگە. يەنە بۆلۈشكە بولمايدىغان ئەڭ كىچىك مەدەنىيەت بىرلىكىدىن ئىبارەت. مەـ سىلەن: ۋېلىسىپىت مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئالاھىدە سۈپەتكە ئىگە مەدەـ نىيەت مەھسۇلاتى. ئەگەر ۋېلىسىپىتنى چۇۋۇساق ئۇ يەنە ۋېلىسىپىت كامېرى، ۋېلىسىپىت گەۋدىسى، رول، ئوق، زەنجىر، سىم، ئىگەر، قوڭغۇراق، زەنجىرچاق، قانات، شار، قاـ زان، ۋېنتا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، قايتا بۆلۈشكە بولمايدىغان، بەلگىلىك مەدەنىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە ئەڭ كىچىك مەدەنىيەت بىرلىكى. شۇڭا ئۇلارمۇ ئىنسان ئىجادىنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇلارـ نىڭ ھەممىسى مۇستەقىل مەدەنىيەت بىرلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم تۇرـ غاندا ئالاھىدە سۈپەتلىك مەدەنىيەت مەھسۇلاتى بولغان ۋېلىسىپىتنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ، بەلكى ۋېلىسىپىتتىن ئىبارەت مۇستەقىل شەكىل ۋە يېڭى مەزمۇنغا ئىگە مەدەنىيەت مەھـ سۇلاتىنى تەشكىللىگۈچى ئەڭ كىچىك مەدەنىيەت ئامىللىرى ھېسابلىنىدۇ ياكى مۇستەقىل شەكىل ۋە يېڭى مەزمۇنغا ئىگە ۋېلىسىپىتتىن ئۆزگەرگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى بولىدۇ. بۇ «ئىنسان ئىجادىنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىرى» نىڭ بىر خىل مەنىسى. ئىككىنچى مەنىسى شۇكى، ئالاھىدە سۈپەت بولسا ئىنسانلار ئىجاد قىلغان شەيئىلەرنىڭ يېڭى مەزمۇن ۋە مۇسـ تەقىل شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ۋېلىسىپىتنىڭ كامېرى، ئىگەر، سىم، زەنجىر قاتارلىق سايمانـ

www.uyghurkitap.com

لىرى مۇستەقىل شەكىل ۋە ئۆزىگە خاس مەزمۇنغا ئىگە. ئەگەر ئاشۇ سايمانلارنى قوراشتۇرساق ئۇلارنىڭ ئايرىم تۇرغان ۋاقتىدىكى مۇستەقىل شەكلى ۋە ئۆزىگە خاس مەزمۇنغا ئوخشىمايدىغان، يېڭى مەزمۇن ۋە مۇستەقىل شەكىلگە ئىگە بولغان ۋېلىسىپىت بارلىققا كېلىدۇ. دېمەك، ۋېلىسىپىتتىن ئىبارەت قايتا بۆلۈشكە بولىدىغان، ئەڭ كىچىك مەدەنىيەت بىرلىكى بولمىغان مەدەنىيەتمۇ ئىنسان ئىجادىنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، قايتا بۆلۈشكە بولمايدىغان، بەلگىلىك مەدەنىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە ئەڭ كىچىك مەدەنىيەت بىرلىكى دېگىنىمىز، ئىنسان ئىجادىنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىرىنىڭ تار دائىرىلىك مەنىسى بولسا، ئىنسان ئىجادىنىڭ يېڭى مەزمۇن ۋە مۇستەقىل شەكلى دېگىنىمىز ئۇنىڭ كەڭ دائىرىلىك مەنىسىدىن ئىبارەت. تەبىردىكى «ئالاھىدە سۈپەتلەرنىڭ بىردىكمە شەكلى» دېگىنىمىز، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئەڭ كىچىك مەدەنىيەت بىرلىكى ياكى يېڭى مەزمۇن ۋە مۇستەقىل شەكىللەرنىڭ تەشكىللىنىشىدىن تەركىب تاپقان بىردىكمە پۈتۈنلۈككە قارىتىلغان. مەسىلەن: بەلگىلىك بىر خىل پاسوندىكى كىيىمنىڭ تەييارلىنىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇستەقىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى كېرەك. يەنى دېھقان ئالدى بىلەن كېۋەز تېرىيدۇ، چىغىرىق ياكى چىگىت ئايرىش ماشىنىسى كېۋەزنىڭ چىگىتىنى ئايرىيدۇ. پاختا ئېتىش ماشىنىسى ياكى ياتاقدا پاختا ئېتىلىدۇ. چاق ياكى يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىدا يىپ ئىگىرىلىدۇ، بايقا ياكى رەخ توقۇش ماشىنىسىدا رەخ توقۇلىدۇ، بوياق ماشىنىسىدا بەلگىلىك رەڭدە بويىلىدۇ. ماشىنىچى ئۇستام ئۆلچەپ كېسىپ تىكىپ چىقىدۇ. دېمەك، ھەر خىل مۇستەقىل مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ ئورگانىك تەشكىللىنىشى ۋە بىرلەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە يېڭى شەكىلگە ئىگە بولغان كىيىمدىن ئىبارەت بىر خىل مەدەنىيەت بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، مەسىلەن: تىياتىر سەنئىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مۇستەقىل مەدەنىيەت شەكلى. ئۇنىڭ سەھنىدە ئوينىلىپ چىقىشى ئۈچۈن سەھنە كىتابى، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ناخشا، رەسساملىق، گىرىمچىلىك، سىۋىتچىلىك قاتارلىق مۇستەقىل سەنئەت شەكىللىرى سەھنە ئوبرازىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدا رېژىسسور تەرىپىدىن ئۇنىۋېرسال بىردىكمە پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىياتىر سەنئىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان ئەسلىدىكى ھەر بىر مۇستەقىل سەنئەت شەكىللىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە مۇستەقىل شەكىلگە ئىگە بولغان تىياتىر سەنئىتى بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىدىن تارتىپ ئىجاد قىلىنىش ئۇسۇللىرىغىچە بىردىكمە پۈتۈنلۈككە ئىگە بولماي مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ئاددىي مەدەنىيەت شەكلى ئىككىدىن ئارتۇق مۇستەقىل مەدەنىيەت بىرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، مۇرەككەپرەك مەدەنىيەت شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ مۇستەقىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىر قاتار سىستېمىلىق تەشكىللىنىشىدىن بىردىكمە پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. تەبىردە كۆرسىتىلگەن «ئىنسان ئىجادىنىڭ ئوخشىمىغان ھالەتلىرى» دېگىنىمىز، مەۋجۇت مەدەنىيەتنىڭ شەكىل بىلەن مەزمۇنىنىڭ بىرلىكىدە شەكىللەنگەن

تاشقى قىيا پەتىنى كۆرسىتىدۇ. بەلگىلىك شەكىل ياكى تاشقى قىيا پەتكە ئىگە مەدەنىيەت ئەلۋەتتە ماددا بىلەن ئاڭنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىدۇر. ھەر قانداق مەدەنىيەت، مەيلى ئۇ ماددىي مەدەنىيەت بولسۇن ياكى مەنىۋى مەدەنىيەت بولسۇن بەلگىلىك شەكىلدىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

## II

ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: « پەقەت ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ماھىر قولى پەيدا بولغان بولسا ئەڭ قوپال تاش پىچاقمۇ پەيدا بولغان بولاتتى. » ① بۇ سۆز بىزگە ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئەمگەككە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساشقا باشلىغانلىقىدىن باشلانغان. ئىنسانلار قورال ياساش ۋە ئىشلىتىشتەك ئەمگەك ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا باشلىغان. ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ئىنسانلار ئۈچ مىليون يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە ئەمگەك قوراللىرىنى ياساش ۋە ئىشلىتىشكە باشلىغان. بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچ مىليون يىللىق تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ياۋايى تەبىئەتتىن ئادەمى تەبىئەتكە ئۆزگىرىشىنى ئۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن ئۇزۇن مۇددەت تەكرار كۈرەش قىلىشى، يەنى قول، پۇت، بەدەنلىرىنى ئەمگەك ئېھتىياجىغا تەدرىجى ماسلاشتۇرۇشى، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى ئاساسىدا ئۆز تىلىنى چېنىقتۇرۇشى ياكى ئۆزىنى بېقىش ۋە قوغداش جەريانىدىكى ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەكتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىدىمۇ ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش بارلىققا كېلىپ، ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىمۇ كۆپ خىللىشىپ ۋە كۆپىيىپ بارغان. ماركس شۇنداق دەيدۇ: « كىشىلەر يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ، يەنى ئۆز تۇرمۇشىنى تەمىن ئېتىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ. »②

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىستىك جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتلەرگە ئۆزگىرىشى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئالدى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە تەرەققىي قىلىش ۋە ئالمىشىش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي

① « جەمئىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى»، خەنزۇچە 170 — 171 - بەت.

② « ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى»، ئۇيغۇرچە 520 - بەت.



AltunOq

ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتكىچە قايتا - قايتا ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى ياۋايى ھايۋانلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يېڭى مەخلۇق — ئىپتىدائىي ئادەملەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان تۈپ ماھىيىتى ئۇلارنىڭ ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەكچانلىقى بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل ماھىيىتى ئارقىلىق تەبىئىي شەيئىلەرگە ئۆزگەرتىش ۋە ئىش قوشۇش ئېلىپ بېرىپ، يېڭى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ياراتقان ۋە ئۇلارنى ئۆز ئېھتىياجىغا پايدىلانغان. ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئىي شەيئىلەرگە ئىجادىي ئەمگىكىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ چىققان يېڭى ماددىي ئەمگەك مەھسۇلاتى ئۇلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى بولسا، ئەنە شۇ ماددىي مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈزگەن پىلان، قوللانغان چارە - تەدبىر ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، شۇنداقلا تەبىئىي شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئۆز ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇش جەھەتتىكى تەسەۋۋۇر - خىياللىرى، ھېسسىياتلىرى ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى تونۇش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئۇسۇللىرى پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىمۇ ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ بارغان. ئىش تەقسىماتى ۋە مەھسۇلاتلار تەقسىماتىدا يۇقىرى-تۆۋەنلىك، ئاز - كۆپلۈك پەرقى شەكىللىنىپ، جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلاردىن ئىبارەت چوڭ ئىككى قاتلام پەيدا بولغان. بۇ ئىككى قاتلام كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇش پەرقى تەدرىجىي چوڭايغان.

تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىنسانلار پەيدىنپەي ئۆسۈپ، بىرلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كۆچۈرگەن. يەنى ئۇرۇقلار بىرلىشىپ قەبىلىلەرگە، قەبىلىلەر بىرلىشىپ چوڭراق خەلقلەر توركۇمىنى تەشكىل قىلىپ، كېيىنچە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى مۇئەييەنلىشىپ بەلگىلىك مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ ماڭغان. ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بېرىشى، ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى، ئىچكى ۋە تاشقى شەرت - شارائىتلارنىڭ تەسىرى ئاساسىدا كىچىك رايونلار بىرلىشىپ چوڭراق رايونلارنى، چوڭراق رايونلار بىرلىشىپ بەلگىلىك تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە ئىگە دۆلەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ھەر قايسى رايونلاردا ياشىغۇچى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا، ترانسپورت قاتارلىق مەخسۇس كەسىپلەشىشكە باشلىغان. ھەر قايسى رايون، ھەر قايسى مىللەت، ھەر قايسى دەۋر كىشىلىرى ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىككە، ئۆزىگە خاس ئارزۇ، ھېسسىيات ۋە قىزىقىشقا ئىگە بولغان. ھەر قايسى رايون ياكى دۆلەتلەر ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزىگە خاس ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىدېئولوگىيە تۈزۈلمىسىگە ئىگە بولغان. ھەر قايسى كەسىپلەر ئۆز قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ كەلگەن. دېمەك، ئىنسانلار تەرەققىيات تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەكلىرى

ئارقىلىق يالغۇز تەبىئەت دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئىلگىرىكى تىلسىز، كۆرۈمسىز، ئىقتىدارسىز، قوپال ئادەملەردىن سۆزلىيەلەيدىغان، تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە، ئەڭ گۈزەل بولغان ئادەملەرگە ئۆزگەرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەرەققىيات جەريانى باي، رەڭگا - رەڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەر قانداق تەبىئىي شەيئىلەرگە ئوخشىمايدىغان ۋە ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يارىتىش جەريانىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەمگىكى جەريانىدا يېتىشىپ چىققان تىل، تەسەۋۋۇر، ئىجادچانلىقتىن ئىبارەت ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ ھەممىدىن يۈكسەك تۇرىدىغانلىقىنىڭ كونكرېت ئالامىتى بولۇپ، بۇ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مەنىۋى بايلىقلىرىنى يارىتىش، بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئامىلى بولغان. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن تۈرلۈك-تۈمەن مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى، يەنى تەبىئىي شەيئىلەردىن باشقا ئىنسان ياراتقان بارلىق شەيئىلەر مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەك مەدەنىيەتنىڭ ئانىسىدۇر.

دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئادەمنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئىنسانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ياراتقان. مەدەنىيەت پەقەت ئىنسانلارغىلا مەنسۇپ، دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىنساننىڭ ھەر قانداق مەخلۇقتىن يۈكسەك تۇرىدىغان، پۈتكۈل دۇنيا، پۈتكۈل كائىناتقا خوجايىنلىق قىلىدىغان، ھەر قانداق مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان ھەقىقىي قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ھازىرقى زامان پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسى، يەنى ئىنسانلارنىڭ ئايدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى، پىلانېتلارغا سەپەر قىلىشى، سۈنئىي قۇياش، ھاۋا بوشلۇقى شەھىرى، دېڭىز ئاستى شەھىرى قاتارلىقلارنى پىلانلاشتەك يۈكسەك قۇدرىتى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىز مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى مۇشۇ نۇقتىنەزەر ئارقىلىق تەتقىق قىلغىنىمىزدا ئادەم ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتىگە توغرا باھا بېرەلەيمىز، شۇندىلا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ، سوبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى ئىلمىي ھالدا شەرھىلىيەلەيمىز.

## III

كىشىلەر ئادەتتە بارلىق مەدەنىيەت شەكىللىرىنى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دەپ چوڭ ئىككى كاتېگورىيىگە ئايرىيدۇ. ماددىي مەدەنىيەت دېگەندە ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرىدىغان مەدەنىيەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن يۇقىرى تېخنىكىۋى تەلەپ بىلەن يارىتىلغان يېڭى بىر خىل ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتى كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرگەندىن سىرت، يەنە بەلگىلىك دەرىجىدە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. مەسىلەن: ۋېلىسىپىت ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈرگەن ئادەم پىيادە يۈرگەنگە نىسبەتەن كە يېپـ

يات جەھەتتە كۆتۈرەڭگۈلۈك، روھىي جەھەتتە رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىنىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ. ۋېلىسىپىتتا يول يۈرگەنگە نىسبەتەن ئاپتوبۇستا يول يۈرگەندە تېخىمۇ ئازادىلىك، خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. ئاپتوبۇستا يول يۈرگەنگە قارىغاندا ئايروپىلاندا ئۇچۇش كىشىلەردە تېخىمۇ زور روھىي قانائەت، كەيپىيات جەھەتتە ئېتىكلىشىش، خۇشاللىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيەت دېگەندە ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرىدىغان، كىشىلەرنى روھىي ئازادلىقتا، شادلىقتا ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدىغان، كەيپىياتىنى كۆتۈرىدىغان، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا قارىتىلغان. لېكىن مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىمۇ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى تونۇش، ئىگىلەش، تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش، شۇ ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: تىل - يېزىق، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەنىۋى مەدەنىيەت شەكىللىرى بولسىمۇ، ئۇلار يالغۇز ئىنسانلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك تەسىرى بولمايدىغان خاس ماددىي مەدەنىيەت بولمايدۇ ھەممە ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان خاس مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ بولمايدۇ.

ماددىي مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىدىن ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: بىرى، بىلىم - ئىقتىدار مەدەنىيىتى. يەنە بىرى، ماددىي مەدەنىيەت. بىلىم - ئىقتىدار مەدەنىيىتى ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پرىنسىپ، ئۇسۇل، تەجرىبە، ساۋاق ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسىي بولۇپ، ئۇ ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم قورالى ۋە يېتەكچىسى. بىلىم - ئىقتىدار مەدەنىيىتى پەن - تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ۋە بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت بولسا پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ماددىي نەرسىلەردىن ئىبارەت.

مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىدىن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، قېلىپلاشقان (قانۇنىيەتلىك) مەدەنىيەت. يەنە بىرى روھىي مەدەنىيەت. قېلىپلاشقان مەدەنىيەت ئىجتىمائىي تەشكىلات، سىياسىي، قانۇن - تۈزۈم شەكىللىرى، ئەخلاق ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى، ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىق، مائارىپ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. روھىي مەدەنىيەت بولسا دىن، ئېتىقاد، گۈزەللىك تۇيغۇسى، ئەدەبىيات، ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتاراشلىق، سىرىكچىلىك، كىنو - تىياتىر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قېلىپلاشقان مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن روھىي مەدەنىيەتنىڭ پەرقى شۇكى، بىر ئادەم مەيلى ئېتىراپ قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن بەلگىلىك سىياسىي، قانۇن - تۈ-

زۇمنىڭ ئىدارە قىلىشىغا، چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. قانۇن ــ تۈزۈمگە ئاگلىق بويسۇنىدىغان مەجبۇرى بويسۇندۇرۇلىدۇ. ئۇ ئادەم مەيلى ئېتىراپ قىلسۇن ــ قىلمىسۇن ئۆز مىللىتى، ئۆز دەۋرى، ئۆز كەسپىنىڭ ئەخلاقىي ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. ئۇ ئادەم ئېتىراپ قىلسۇن ــ قىلمىسۇن ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ ــ ئادەتلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئېتىراپ قىلسۇن ــ قىلمىسۇن بەلگىلىك تىل ــ يېزىق قوللانماي باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالمايدۇ. بۇ خىل ھالەت قېلىپلاشقان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. روھىي مەدەنىيەتتە ئاساسەن قېلىپ يوق. چۈنكى بىرەر نۇقتىنەزەرگە ئېتىقاد قىلىش ــ قىلماسلىق، بىرەر شەيئىدىن گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش ــ بولماسلىق، مەلۇم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ــ شۇغۇللانماسلىق ياكى مەلۇم نەرسىدىن لەززەت ئېلىش ياكى ئەكسىچە ئېلىش مەسىلىسى ھەر كىمنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ قوبۇل قىلىش ــ قىلماسلىقىغا باغلىق. ئەگەر بىر ئادەم بىرەر دىن ياكى قاراشقا ئاڭسىز ياكى مەجبۇرى ئېتىقاد قىلسا بۇ پەقەت شەكىل جەھەتتىكى ئېتىقاد بولۇپ، ئۇ روھىي دۇنياسىدا ھامان ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا مەنىۋى مەدەنىيەتنى خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قېلىپلاشقان مەدەنىيەت ۋە روھىي مەدەنىيەت دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

II

مۇقەررەركى بەلگىلىك بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تارقىلىشى ھەرگىز تاسادىپىي بولمايدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ شەرت ــ شارائىتنىڭ، جۇغراپىيەۋى مۇھىت ۋە تارقىلىش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالماي، بەلكى سوبيېكتىپ جەھەتتە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت پىسخولوگىيىسى، ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى ۋە ھەر خىل ئاڭ شەكىللىرىنىڭ تەسىرىگە، چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا ئوخشىمىغان خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولىدىغان زىددىيەت ــ توقۇنۇشتىن ھامان خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى توقۇنۇش ياڭغۇز كونا مەدەنىيەت خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىلا پەيدا بولۇپلا قالماي، بەلكى يېڭى مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىمۇ ئوخشاشلا يۈز بېرىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇ خىل، ئىپادىلىنىش ئۇسۇللىرى تۈرلۈك تۈمەن بولۇپ، تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا ئاز خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن نەفىسلىككە قاراپ رىۋاجلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ خىل تەرەققىيات جەريانى زىددىيەت ــ توقۇنۇش جەريانى ياكى رىقابەت جەريانى بولۇپ، ئۇ مەزمۇن جەھەتتە كونا مەدەنىيەت بىلەن يېڭى مەدەنىيەت، ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن يات مەدەنىيەت، چاكىنا، قالاق مەدەنىيەت بىلەن ئىلغار، گۈزەل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەريانىدىن ئىبارەت. مەدەنىيەت ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدا شەكىللەنگەن دەۋرلەرنىڭ، رايونلارنىڭ، مىللەتلەرنىڭ، سىنىپلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيىتى بولۇپ، بارلىق دەۋرلەرگە، رايونلارغا، مىللەتلەرگە، سىنىپلارغا ئورتاق بولغان مەدەنىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. ئەگەر ھەممىگە ئورتاق مەدەنىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولسا، مەدەنىيەتنىڭ زىددىيەتلەر ئىچىدىكى ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ھەر قايسى دەۋر، رايون، مىللەت، سىنىپلار مەدەنىيىتى ئۆزىگە خاس

مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلىق تەرەپلەر مەۋجۇت. ھەر قايسى دەۋر، رايون، مىللەت ۋە ھەر قايسى سىنىپ مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرقلەر مۇقەررەر ھالدا شۇ خىل مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۆز ئارا سىڭىشىش، ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش ۋە ئۆز ئارا يۇقتىشىشتەك ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ياكى ئەكس تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى ئاساسىدا ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كېلىشكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى دەۋرچانلىق خاراكتېردىگە، يەرلىك خاراكتېرگە (رايون خاراكتېردىگە)، مىللىي خاراكتېرگە ۋە سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە ھالدا ئىپادىلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ مەدەنىيىتى ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرەر رايونغا سىرتتىن بىر خىل مەدەنىيەت تارقىلىپ كىرگەندە شۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىدا يات مەدەنىيەتنى چەتكە قېقىش ياكى قامال قىلىشتەك بىر خىل ھالەت شەكىللىنىپ، مەدەنىيەت توقۇشى پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: X ئەسىردە ئەرەب ئىسلام دىنىي مەدەنىيىتى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشقا باشلىغاندا بۇ رايوندىكى بۇددا دىنىي مەدەنىيەت ئېكىسىنىڭ چەتكە قېقىشى ۋە قامال قىلىشىغا ئۇچرىغان. كېيىنچە ھەتتا ئىسلام دىنىي مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت توقۇنۇشى يۈز بېرىپ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۆز ئارا قارىمۇ قارشىلىقلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مەدەنىيەتنىڭ يەرلىك خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش يالغۇز چوڭ تېررىتورىيىگە ئىگە دۆلەتلەر، رايونلار ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر دۆلەت، بىر مىللەت، ھەتتا بىر ۋىلايەتتىن ئىبارەت كىچىك تېررىتورىيىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: قەشقەر بىلەن خوتەننىڭ، تۇرپان بىلەن غۇلجىنىڭ تىل تەلەپپۇزى جەھەتتە بەلگىلىك پەرق بار. ئەگەر بىر تېررىتورىيە ئىچىدىكى ئوخشىمىغان رايونلاردا ياشىغان بىر مىللەت كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنىڭ يەرلىك تىل ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىككە ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بەرسە، بۇ ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت توقۇنۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا، ھەر قايسى رايونلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، قائىدە-يوسۇنى ئوتتۇرىسىدىمۇ بەلگىلىك پەرق بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەدەنىيەت توقۇنۇشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دېمەك مەدەنىيەتنىڭ يەرلىك خاراكتېرى مەدەنىيەت توقۇنۇشى پەيدا بولۇشنىڭ بىر خىل ئامىلى. مەدەنىيەت توقۇنۇشى يالغۇز يەرلىك مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ دەۋرچانلىق خاراكتېرىدىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل توقۇنۇش ئاساسەن كونا مەدەنىيەت بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

كونا مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسىدە ئاساسەن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش خاراكتېرى بولىدۇ. يېڭى مەدەنىيەت يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تارقىلىشقا باشلىغاندا كونا مەدەنىيەتنىڭ چەتكە قېقىشى

ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يېڭى مەدەنىيەت قانچىلىك گۈزەل ۋە قىممەتلىك بولسۇن ھامان بىر مەزگىل كونا مەدەنىيەت پىسخىكىسى، كونا مەدەنىيەت ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئادەت كۈچى ۋە قىممەت قاراشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئۇلۇغ ئاسترونوم ئەبۇ رەيھان بىرونى① ياۋروپا ئالىملىرىدىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغ ئالىم كوپېرنىكتىن 500 يىل بۇرۇن يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.② XIV ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلۇغ ئالىم كوپېرنىك③ ئۇزۇن مۇددەت ئاسمان جىسىملىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قايتا - قايتا كۆزىتىش ئارقىلىق قۇياش - مەركەز تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز تەلىماتىنى ئىلمىي نەزەرىيە سەۋىيىسىگە كۆتۈرگەن. ئۇ، يەر ئالەمنىڭ مەركىزى ئەمەس، بەلكى قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغان ئادەتتىكى بىر سەييارە، قۇياش ئالەمنىڭ مەركىزى، باشقا سەييارىلار قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭ بۇ تەلىماتى 16 - ئەسىردىكى دىنىي جەمئىيەتلەر تەشۋىق قىلىپ يۈرۈيدىغان يەر مەركەز تەلىماتىنى ئىنكار قىلغان.

ئەمما ئۇ تەلىماتىنى دىنىي مەدەنىيەت ۋەكىللىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ 1543-يىلى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئېلان قىلغان، كوپېرنىكنىڭ قۇياش - مەركەز تەلىماتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن فېئودال ئەكسىيەتچى گورۇھلارنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتكەن. ئۇلار دەرھال بۇ تەلىماتقا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. رىم پاپاسى④ كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىنى «خاتا بولغان ھەم تەۋراتقا تامامەن ئۇيغۇن بولمىغان غەيرىي سەپسەتە» دەپ ئېيىپلىگەن. بەزىلەر ھەتتا سەھنە ئەسەرلەرنى توقۇپ چىقىپ كوپېرنىك ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرگەن ۋە ئۇنى قاغىغان. دېمەك قۇياش - مەركەز تەلىماتى 11 - ئەسىردە ئەبۇ رەيھان بىرونى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن باشلاپ تاكى 1882 - يىلى رىم پاپاسى ئۇنى ئېتىراپ قىلغانغا قەدەر بولغان 800 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە پېتولىم⑤ نىڭ يەر - مەركەز تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق ئاندىن تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەن.

مەيلى يەر - مەركەز تەلىماتى بىلەن قۇياش - مەركەز تەلىماتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولسۇن، مەيلى XVII ئەسىردىكى ياۋروپا مەرىپەتچىلىرىنىڭ ساددا ماتېرىيالىزم ئاساسىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ئىدىئولوگىيىسى بىلەن فېئوداللىق كونا مەدەنىيەت ئىدىئولوگىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولسۇن، ھەممىسى بەلگىلىك دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت بىلەن كونا مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر. ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىمۇ كونا مەدەنىيەت بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا يالغۇز يەرلىك مەدە-

① ئەبۇ رەيھان بىرونى 973-، 1048 - يىللاردا ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئاسترونوم.
② «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇرچە 105- بەت.
③ كوپېرنىك 1473-، 1543 - يىللىرى ياشىغان پولشالىق ئاسترونوم.
④ پاپا — كاتولىك، دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇق نامى.
⑤ پېتولىم — مىلادى 2 - ئەسىردە ياشىغان رىم ئاسترونومى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com

نىيەت ۋە دەۋرلەر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تۇقۇنۇشلار تۈرتكە بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تۇقۇنۇشلار تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. بەلگىلىك مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تىل، پىسخىكا، روھىي ـ ھالەت، مىجەز ـ خۇلق، قىزىقىش، تۇرمۇش ئادىتى، ئەخلاق قارىشى، گۈزەللىك قارىشى، ئارزۇ، ھېسسىياتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي خاسلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مىللەتتە بولىدىغان ئەنە شۇنداق مىللىي خاسلىق ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت خاسلىقىدىن ئىبارەت. ھەر قانداق مىللىي مەدەنىيەت ئادەتتە ئۆزىگە قېرىنداش مىللەت ياكى قوشنا مىللەت مەدەنىيىتى بىلەن ئەركىن رىقابەتلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەت جەھەتتە رىقابەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى دۇنياغا نامايان قىلالىغان. ئۇلار تىل ـ يېزىق تەرەققىياتى تارىخىدا تۈرك ـ رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە باشقا كۆپ خىل يېزىقلارنى ئىشلەتكەن. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شامان دىنى، مەجۇسى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. ئېغىز ئەدەبىياتى جەھەتتە باي ۋە مول مەزمۇنلۇق تۈگىمەس خەزىنىسىگە ئىگە. يازما ئەدەبىيات جەھەتتە VII ـ VIII ئەسىرلەردىكى كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا «مەڭگۈ تاش»لارغا شەكلى مۇكەممەل، مەزمۇنى مول بولغان يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى قالدۇرغاندىن باشلاپ، ھازىرغىچە مۇكەممەل سىستېما ھاسىل قىلغان يازما ئەدەبىيات خەزىنىسىگە ئىگە.

«تارىخىي خاتىرىلەر»دە قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىكى كۈسەن (كۇچا) دۆلىتىدە 80 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى. بۇ ئەلنىڭ يۈگرەك ئاتلىرى، ئۈزۈمى، يۇڭ توقۇلمىلىرى، دورا گىياھلىرى ۋە نازۇك زىننەت بۇيۇملىرى خەلقئارادا ناھايىتى مەشھۇر ئىدى. سەھنىلەردە ئوينىلىدىغان ناخشا، ئۇسسۇل، دراما قاتارلىق ھەر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىمۇ ناھايىتى مەشھۇر ئىدى. چوڭ ـ چوڭ بايرام ياكى يىغىلىش قىلىنغان كۈنلەردە چېلىشىش قاتارلىق ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.»① مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان «قىزىل مىڭ ئۆي» تام رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەر يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنىڭ جانلىق پاكىتلىرىدىن بىرى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى، لۇتفى، ناۋايى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە شانلىق سەھىپە ئاچتى. بۇ دەۋردە يەنە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى ئاجايىپ تەرەققىي قىلىپ، مەشھۇر 12 مۇقامنىڭ ئاساسىي قىسمى بارلىققا كەلدى. شەھەر قۇرۇلۇشى، ئىلىم ـ پەن، مائارىپ تەرەققىياتى تېز راۋاجلىنىپ، قەشقەر قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.

① «قىزىل مىڭ ئۆي رەسىملىرى ھېكايىلىرى» 3-، 4 ـ بەت.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىنسانلارنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىمۇ مەدەنىيەت جەھەتتە توقۇنۇشنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. سىنىپىي جەمئىيەت مەدەنىيىتى ئاساسەن بەلگىلىك سىنىپىي مەنپەئەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرى ئادەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى سىنىپىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىنىپىي كۈرەش ھالىتىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىنكاسى. مەسىلەن: 1517 - يىلى گېرمانىيىلىك مارتىن لوتېر، ۋىتتېنبورگ چېركاۋسىدىكى جامائەت ئالدىدا مەشھۇر «95 ماددىلىق تېزىس» نى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ يېڭى دىنىي قاراشلىرىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇنىڭ يېڭى دىنىي تەلىماتى شەكسىز ھالدا گېرمانىيىدىكى ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئارزۇ - غايىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ «95 ماددىلىق تېزىس» تا «ئېتىقادنى قۇتقۇزۇش» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پاپانىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلۇشنى ۋە پاك، ئاددىي دىنىي جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. پاپانىڭ چېركاۋ سالدۇرۇش ۋەساۋاپلىق تىزمارى سېتىش ① نامى بىلەن دىندار پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقىدىن ئىبارەت شەرمەندىلىكىنى رەھىمسىز پاش قىلغان. شۇ ئارقىلىق گېرمانىيە خەلقىنى پاپا ۋە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن بەگلىكلەردە رىم پاپاسىغا قارىمايدىغان دىنىي جەمئىيەتلەر قۇرۇلۇپ، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش باشلىنىپ كەتكەن. دەل شۇ مەزگىللەردە توماس مىنتسىر دېگەن كىشى گېرمانىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىنقىلابىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، دېھقانلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىرغان. ئۇ فېئودال-ئاقسۆڭەكلەرنى ۋە بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى خۇداغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغۇچىلار دەپ ئەيىپلىگەن ھەمدە سىنىپسىز، خۇسۇسىي مال - مۈلۈكسىز جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ بىر نەچچە يىللىق تەشۋىقاتى ۋە تەشكىللىشى بىلەن 1524 - يىلى گېرمانىيە دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. شۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلىڭى گېرمانىيە فېئودال - ئاقسۆڭەكلىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغاچقا كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر چىقىرىپ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان. مەيلى مارتىن لوتېر باشچىلىقىدىكى دىنىي ئىسلاھات بولسۇن، مەيلى توماس مېنتسېر باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بولسۇن گەرچە ئۇلار شەكىل جەھەتتە فېئودال-ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ كونا دىنىي ئەقىدىسى بىلەن يېڭى قوللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە سىنىپى ۋەتۆۋەن قاتلام خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى دىنىي قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە چىرىگەن فېئودال-ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بىلەن ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ ھېسابلىنىدىغان بۇرژۇئازىيە ۋە ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر سىنىپىي زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلەنگەن.

دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىكى مەيلى سپارتاك قوزغىلىڭى بولسۇن، مەيلى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىغا ئوخشاش خەلق قوزغىلاڭلىرى بولسۇن ھەممىسى ھۆكۈمران

(ئاخىرى 112 - بەتتە)

① پاپا كىمكى ساۋاپلىق تىزمارى سېتىۋالسا ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى گۇناھى ساقىت بولىدۇ دەپ، پۇقرالارنى تىزمار سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلىغان.

# « ھ » فونېمىسىنىڭ خوتەن دىئالېكتىدىكى ئورنى

مۇھەممەت ئىمىن سابىر

دىئالېكتلار ئومۇمىي خەلق تىلىنىڭ رايون خاراكتېرلىك تارمىقى بولۇپ، مىللىي ئورتاق تىلنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنىڭ ئاساسى. ئورتاق تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى. ئورتاق تىل ئومۇمىي خەلق تىلىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان شەكلى بولۇپ، ئۇ، دىئالېكتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر خىل ئالىي شەكىل. ئورتاق تىل ھامان ھەر قانداق دىئالېكتتىن باي بولىدۇ. شۇڭا ئورتاق تىل دىئالېكتلارغا قارىتا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دىئالېكتلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ ئازىيىشىنى، مىللىي تىلنىڭ تېخىمۇ بىرلىككە كېلىشى ۋە قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دىئالېكتلار ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىش جەريانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزدا، ئورتاق تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىمىزدا، ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىز ۋە بېيىتىشىمىزدا، مىللەت تارىخىي، مەدەنىيەت تارىخىي قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

80 ـ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ يېڭىباشتىن جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە شىۋىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھازىرقى ھالىتى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقاتمۇ خېلى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇلدى. جۈملىدىن خوتەن دىئالېكتى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتمۇ بىر قەدەر چوڭقۇرلاشتى. بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماقالىلىرى ئىچىدە، ئىمىن تۇرسۇننىڭ «خاقانىيە تىلى ۋە خوتەن شىۋىسى» دېگەن ماقالىسى بىلەن ئوبۇلقاسىم روزىنىڭ «خوتەن دىئالېكتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنى بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر دەپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ ماقالىلاردا خوتەن دىئالېكتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانى، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىي ئورتاق تىلىمىز بىلەن ئورتاقلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق خېلى چوڭقۇر شەرھلەپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ خوتەن دىئالېكتىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىرامماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى نۇرغۇن ئەمەلىي تىل پاكىتلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن.

بىراق، تىلنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولغاچقا، دىئالېكتلارنىڭ شەكىللىنىشى، بىرلىككە كېلىشى ياكى بۆلۈنۈپ ئايرىم تىل بولۇپ كېتىشىگە ئىنتايىن ئۇزاق تارىخىي جەريان كېتىدىغانلىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، ئۇيغۇر ئورتاق تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن خوتەن دىئالېكتىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى،

تەرەققىياتى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى بىر نەچچە پارچە ماقالە ئارقىلىق تولۇق ئېچىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، بىز بۇ جەھەتتە مەلۇم خىزمەتلەر ئىشلەندى دەپلا ئېيتالايمىز. يەنە نۇرغۇن مۇھاكىمە تېمىلىرى تەتقىق قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. مەن بۇ ماقالەمدە، ئەنە شۇ تېمىلاردىن كىچىككىنە بىر مەسىلە ئۈستىدە، يەنى «ھ» فونېمىسىنىڭ خوتەن دىئالېكتىدىكى ئالاھىدە ئورنى توغرىسىدىكى دەسلەپكى قاراشلىرىمنى فونېتىكا، لېكسىكا ھەم گىراماتىكا قاتارلىق تەرەپلەردىن ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## فونېتىكا جەھەتتە

1. خوتەن دىئالېكتىدا «ھ» ئۈزۈك تاۋۇشى، ئورتاق تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى «ھ» ئۈزۈك تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن:

| ئورتاق تىلدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ئابدال | ھابدال |
| ئاجىز | ھاجىز |
| ئازازۇل | ھازازۇل |
| ئەجەپ | ھەجەپ |
| ئۆزرە | ھۆزرە |
| ئۆر | ھۆر |
| ئۆرۈش | ھۆرۈش |
| ئۆشقىر | ھۆشقىر |
| ئۆشقىرتماق | ھۆشقىيتماق |
| ئىلدام | ھالدام، ھىلدام |
| ئىۋدىمەك | ھىۋدىمەك |
| ئىۋدىش | ھىۋدىش |

2. بەزى سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى «ھ» ئۈزۈك تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، ئورتاق تىلىمىزدىكى «ھ» ئۈزۈك تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى سوزۇق تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ياكى ئالمىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئورتاق تىلدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ھارپا | ئەرپە |
| ھەتتار | ئەتتار |
| ھەشقاللا | ئەشقاللا |
| ھەشقىپىچەك | ئەشقىپچەك |
| ھۇشيار | ئۇششا |
| ھۆل (نەم) | ئۆل |



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3. ئورتاق تىلىمىزدا «ھ» ئۈزۈك تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا خوتەن دىئالېكتىدا بىر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ سۆزدە بىر بوغۇم كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئورتاق تىلدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ھاك | ئاھاك |
| ھېكى | ئاھىكى |
| ھاك تاش | ئاھاك تېشى |

4. بۇ دىئالېكتتا «ھ» تاۋۇشى، ئورتاق تىلىمىزدا باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەردىكى سۆز بېشىدا كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، بۇنداق سۆزلەرنى «ھ» ئۈزۈك تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئورتاق تىلدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| يۆتەل | ھۆتە |
| يۆتەلمەك | ھۆتەمەك |
| يېتىرقاش | ھېدىقاش |
| يىن | ھىن |
| يىلىك ( تۇخۇم ) | ھىلىگ |

5. ئورتاق تىلىمىزدا «ھ» بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ھ» تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا خوتەن دىئالېكتىدا باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلار ئالمىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئورتاق تىلدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ھېساب | يىساپ |
| ھېكايە | يىكايە |

6. خوتەن دىئالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، ئاجىزلىشىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى، چۈشۈپ قېلىشى ۋە كۆپىيىپ قېلىشى قاتارلىقلار خېلى گەۋدىلىك فونېتىكىلىق ھادىسە. بۇ، «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلىنىدىغان سۆزلەرگىمۇ ئورتاق ئەھۋال. بۇ ھەقتە ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار خېلى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بولدى. شۇڭا بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

7. بۇ دىئالېكتتا «ھ» تاۋۇشىنىڭ باشقا تاۋۇشلار ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىشى ياكى باشقا تاۋۇشلارنىڭ «ھ» تاۋۇشىغا ئالمىشىپ كېلىشى سەۋەبىدىن بەزى سۆزلەرنىڭ كۆپ خىل ۋارىيانتلىرى ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئورتاق تىلدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ئاجىز | ھاجىز، ئاجىز |
| ئەجەپ | ھەجەپ، ئەجەپ، ھېجىپىي |
| ھەشقىپىچەك | ئەشقىپىچەك، ئاشقىپىچەك |

| | |
|---|---|
| ھۆپۆپ | ھۆپەپ، يۆپەپ |
| ھېساب | ھېساپ، ھەسەپ، يېساپ |

## لېكسىكا جەھەتتە

خوتەن دىئالېكتىدا «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلانغان، مۇشۇ دىئالېكتقا خاس بولغان بىر بۆلۈك سۆزلۈكلەر بار، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئورتاق تىلىمىزدىكى شۇنىڭغا ماس مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ۋارىيانتىنى ھاسىل قىلسا، يەنە بەزىلىرىدە ئورتاق تىلىمىزدىن ماس مەنىلىك سۆزلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلانغان دىئالېكت سۆزلىرى ئىچىدە مۇستەقىل سۆزلەرمۇ، ياردەمچى سۆزلەرمۇ بار. مۇستەقىل سۆزلەر ئىچىدە ئىسىملار بىر قەدەر كۆپ، سۈپەت، پېئىل، رەۋىشلەر ئازراق ئۇچرايدۇ. سان، ئالماشلار يوق دېيەرلىك. ياردەمچى سۆزلەر ئىچىدە ئىملىق سۆز، ئۈندەش سۆز ۋە ئۇلانمىلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە بۇنداق سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىزاھلاپ ئۆتىمىز:

1. ئىسىملار:

تۈپ سۆز — مەنىسى

ھاككا: ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئەمەلىي، نوپۇزى ياكى ئابرويىغا تايىنىپ، يوغانچىلىق قىلماق. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەزى تىللاردىكى «بىر ئادەم ئەمەل تۇتسا ئىت ـ مۈشۈكلىرىمۇ دەۋران سۈرۈپتۇ» دېگەن تۇراقلىق ئىبارىنىڭ مەزمۇنىغا توغرا كېلىدۇ.

مىسال: نېمىگە ھاككا قىلاتتىڭ؟ سېنىڭ ھاككاڭنى كىم كۆتۈرەتتى؟

ھاپپا: ئالقان بىلەن كىشىنىڭ يۈز قىسمىدىن باشقا جايىغا ئۇرماق (يۈزىگە ئۇرغىنى تەستەك، باشقا يېرىگە ئۇرسا ھاپپا دېيىلىدۇ).

مىسال: مەن ئۇنى بىر ھاپپا بىلەن يىقىتىۋەتتىم.

ھەللە: ① چەك. ② پەسكارىغا چۈشمەك.

مىسال: ھەللەڭدە بول؛ ئۇ ئەمدى ھەللىسىگە كەلدى.

ھىمى: تىلى، گېپى (بۇ سۆز يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ. مىسالغا قاراڭ)

مىسال: ئۇلار ھىمىنى بىر قىلىپ ماڭا قارشى تۇردى.

ھونناق: بويۇنغا چىقىدىغان يامان يارا

مىسال: بوينۇڭغا ھونناق چىقىپ ئۆلەرسەن.

ھۆدەق: بېشەم، ئۆكتەم.

مىسال: ماڭ ھۆدەق، نېرى بار!

ھۆللە: كىچىك بالىلار تېپىشمەك ئويۇنى ئوينىغاندا تالىشىش نىشانى قىلىنغان ئېگىزلىك.

مىسال: بۈگۈنكى ئويۇندا ھۆللىنى بىز ئىگىلىدۇق.

ھۆللۈمەن: ئۆكتەم، يولسىز.

مىسال: تولا ھۆللۈمەنلىك قىلما.

ھۇما: ئۆمۈر

مىسال: دۇنيا تىلىگىچە، ھۇما تىلە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىلاغ: ئىسكىنىدە ئويۇلغان ئېرىقچە.
مىسال: شال ھىلاغقا چۈشمىدى.

يەنە بىر قىسىم ياسالما ئىسىملارمۇ بار:

ھاشقاپاق: كىچىك باللارنىڭ قاپاقنى ئوتتۇرىدىن تىلىپ، ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىگە ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭسۈرىتىنى سىزىپ، يۈزىگە تاقاپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقى، بۇ سۆز كۆچمە مەنىدە كىشىلەرنى سەتلەشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.
مىسال: ھوي ھاشقاپاق، نېرى تۇرساڭچۇ.

ھامبۇقۇلاق: يوغان قۇلاق، سالپاڭ قۇلاق، بۇ سۆز كۆچمە مەنىدە باللارنى قورقۇتۇپ بەزلەشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.
مىسال: يىغلىما، بولمىسا ھامبۇقۇلاق يەپ كېتىدۇ.

ھەللەمشورپا: ھەم سۇيۇق، ھەم تەمسىز ئېتىلگەن تاماق.
مىسال: بۈگۈن ئاشخانىدا بەئەينى ھەللەم شورپا ئېتىپتۇ.

ھۇقسۇپى: ھۇقۇش.

ھۇقوقاق: تېرە تارا قىشتىپ قورقۇتماق.
مىسال: ھۇقوقاق سالغىنىڭغا كىم قوقاتتى؟

2. سۇپەتلەر:

ھاللاڭ: ئوچۇق، ھاڭغىر قاي.
مىسال: ئىشىك ھاللاڭ تۇرىدۇ.

ھەپنەك: سۇپەتسىز، چىداملىسىز.
مىسال: ئۆي سېلىپسەمۇ، ھەپنەكتەك بولۇپ قاپتۇ.

ھېقىي: چىداملىسىز، ئىرادىسىز
مىسال: ئۇ تولىمۇ ھېقىي ئادەم؛ھېقىيلىق قىلمىساڭچۇ!

3. پېئىللار:

ھېزى: ئاگاھ بولماق، دىققەت قىلماق.
مىسال: يول تېيىلغاق ئىكەن، ھېزى بولۇڭلار.

ھېيۋەت: ئەيمىلەپ ئۇيالدۇرماق.
مىسال: كۆپچىلىك ئۇنى ھېيۋەتتى.

ھۆرۋىدە: ھەرىكەتنامى، تېرە تارا قىشتىپ ھەيۋە قىلماق.
مىسال: ماڭا نېمە ھۆرۋىدە قىلىسەن؟

4. رەۋىشلەر:

ھۆددەس: مۇتلەق، پەقەت، زادى.
مىسال: ئۇ بۇيىل ھۆددەس كەلمىدى.

ھىلاڭ: دائىم، ھەمىشە
مىسال: سەن ھىلاڭ كىن قالىسەن، تۈزەتمىسەڭ بولمايدۇ.

5. ئۇلانمىلار

ھاما، ھەدە، ھەدەڭ، ھاما ـ ھاما، ھەدە ـ ھەدە، ھەدەڭ ـ ھەدەڭ، ھەربادى قاتارلىق ئۇلانمىلار ئېغىز تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار جۈملىلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۆزى ئۇلانغان جۈملىلەرگە تەكىتلەش، سوراق، يېلىنىش، ئۆتۈنۈش، چەكلەش، بەزلەش قاتارلىق مەنىۋى تۈس بېرىپ، گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدۇ.

6. ئىملىق سۆزلەر

كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغانلىرى ھام، ھەئە، ھىئى، ھۆم، ھەھە... ھەھە... قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار مۇستەقىل مەنا بىلدۈرمەيدۇ، ئەمما جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، كونكرېت نۇتۇق شارائىتىدا، جۈملىلەرگە گىراماتىكىلىق مەنا يۈكلەپ، ئۇقۇمنىڭ ئېنىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

7. ئۈندەش سۆزلەر

كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغانلىرى: ھېچېن، ھېلېق، ھوجۇن، ھۇي، ھۇ. بۇ سۆزلەر جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، كەمسىتىش، يىركىنىش، ھەيرانلىق، ئۆتۈنۈش، قورقۇتۇش قاتارلىق ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، جۈملىگە گىراماتىكىلىق تۈس بېرىدۇ.

## گىراماتىكا جەھەتتە

1. «ھ» فونېمىسىنىڭ سوزۇق تاۋۇش ئالدىدا قوشۇلۇپ قېلىش نەتىجىسىدە، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغان سۆزلەر مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە كىرگەندە، ئومۇمەن ئەسلىگە قايتماي، ئۆزگەرگەن شەكلى بويىچە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئابدال ← ھابدال، ھابدالنىڭ، ھابدالدا، ھابدالدىن، ھابدالغا، ھابدالنى. ھابدىلىم، ھابدىلىمىز، ھابدىلىڭ، ھابدىلىڭلار، ھابدىلى، ھابداللىرى.

ئەجەپ ← ھەجەپ، ھەجەبىر، ھەجەپكىنە، ھەجەپرەك.

ئىۋىت ← ھىۋىت، ھىۋىتمەك، ھىۋىمەك، ھىۋىتىلمەك، ھىۋىتىلىش، ھىۋىتىش...

ئىلدام ← ھالدام، ھالدامراق، ھالدام ـ ھالدام، ھالداملاشماق.

2. سۆز بېشىدىكى «ھ» فونېمىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغان سۆزلەر مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە كىرگەندە، ئومۇمەن ئەسلىگە قايتماي، ئۆزگەرگەن شەكلى بويىچە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھەشقاللا ← ئەشقاللا، ئەشقاللىنىڭ، ئەشقاللىدا، ئەشقاللىدىن، ئەشقاللىغا، ئەشقاللىنى، ئەشقاللام، ئەشقاللىمىز، ئەشقاللاڭ، ئەشقاللاڭلار، ئەشقاللىسى.

ھۆل ← ئۆل، ئۆلنىڭ، ئۆلدە، ئۆلدىن، ئۆلگە، ئۆلنى...

3. ئورتاق تىلىمىزدا «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ ئالدىغا، خوتەن دىئالېكتىدا بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى نەتىجىسىدە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەن سۆزلەر مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە كىرگەندە، ئادەتتە ئەسلىگە قايتماي، ئۆزگەرگەن پېتى تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھاك ← ئاھاك، ئاھاكنىڭ، ئاھاكتا، ئاھاكتىن، ئاھاكقا، ئاھاكنى، ئاھىكىم، ئاھىكىمىز، ئاھىكىڭ، ئاھىكىڭلار، ئاھىكى، ئاھاكلىرى.

بۇ سۆزگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ يېڭى ئىسىملار ياسالغاندىمۇ، قوشۇلۇپ قالغان سوزۇق تاۋۇش ئومۇمەن ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاھاك+چى ← ئاھاكچى، ئاھاك+چى+لىق ← ئاھاكچىلىق.

4. ئورتاق تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئورنىغا، خوتەن دىئالېكتىدا «ھ» فونېمىسىنىڭ ئالمىشىشى ئارقىسىدا، تاۋۇش ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن سۆزلەر مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە كىرگەندە، ئەسلىگە قايتماي شۇ پېتى تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

يېتىرقا ← ھېدىقا، ھېدىقاش، ھېدىقىماق، ھېدىقىشىش...

يۆتەل ← ھۆتە، ھۆتەنىڭ، ھۆتەدىن، ھۆتەگە، ھۆتەدە، ھۆتەنى، ھۆتىرەم، ھۆتىرىمىز، ھۆتىرىڭ، ھۆتىرىڭلار، ھۆتىرى، ھۆتىرەش، ھۆتەمەك، ھۆتەتمەك، ھۆتەتىلمەك، ھۆتىرىشىش...

5. ئورتاق تىلىمىزدىكى «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى «ھ» فونېمىسى ئورنىغا، خوتەن دىئالېكتىدا باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلار ئالمىشىپ كېلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئورتاق تىلدىكى مۇناسىپ سۆزلەر بىلەن تەڭداش ۋارىيانتىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق كۆپ ۋارىيانتلىق سۆزلەر مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە كىرگەندە، ئىككى خىل تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھېكايە ← ھېكايە، ھېكايىنىڭ، ھېكايىدىن، ھېكايىغا، ھېكايىدا، ھېكايىنى، ھېكايەم، ھېكايىمىز، ھېكايەڭ، ھېكايەڭلار، ھېكايىسى.

ھېكايە ← يېكايە، يېكايىنىڭ، يېكايىدىن، يېكايىغا، يېكايىدا، يېكايىنى، يېكايەم، يېكايىمىز، يېكايەڭ، يېكايەڭلار، يېكايىسى.

6. خوتەن دىئالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، ئاجىزلىشىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، ئاجىزلىشىشى، چۈشۈپ قېلىشى، كۆپىيىپ قېلىشى خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلانغان سۆزلەردىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق. بۇنداق ئۆزگىرىش بولغان سۆزلەر مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە كىرگەندە، ئومۇمەن شۇ پېتى تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھەرە ← ھارى، ھارىدا، ھارىداش، ھارىدىتىش.

7. «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلانغان، خوتەن دىئالېكتىغا خاس بولغان ئىسىملارغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى ئانالىتىك يول ئارقىلىق يېڭى سۆزلەر ياسىلىدۇ.

(1) ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى ئىسىملار ياسىلىدۇ:

ھۆدەق+لىق ← ھۆدەقلىق، ھۆللۇمەن+لىك ← ھۆللۇمەنلىك.

(2) ئانالىتىك يول ئارقىلىق بەزى سۈپەتلەر ياسىلىدۇ.

ھاككا+سى+يوغان ← ھاككىسى يوغان. ھىلاغ+ى+كىچىك ← ھىلىغى كىچىك.

(3) پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ياكى ياردەمچى پېئىللارنى قوشۇش ئارقىلىق بەزى پېئىللار ياسىلىدۇ:

ھاپپا+لاش → ھاپپالاش (ھاپپالىماق، ھاپپالاشماق...)

ھىم + لاش → ھىملاش (ھىملىشىش، يەنى غەيرىي نورمال يېقىنلىشىپ قېلىش).

ھاككا+قىل+ماق → ھاككا قىلماق، ھۆدەقىلىق+قىل+ ماق → ھۆدەقىلىق قىلماق.

(4) رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق بەزى رەۋىشلەر ياسىلىدۇ:

ھونناق+تەك → ھونناقتەك، ھەللەم شورپا+دەك → ھەللەم شورپىدەك.

8. «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلانغان، خوتەن دىئالېكتىغا خاس بولغان سۈپەتلەردىن مورفولوگىيىلىك ياكى سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ئارقىلىق يېڭى سۆزلەر ياسىلىدۇ:

(1) سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى ئانالىتىك يول ئارقىلىق يېڭى سۈپەتلەر ياسىلىدۇ:

ھېقىي + لىق → ھېقىيلىق، ھاللاك + ئوچۇق → ھاللاك ئوچۇق، ناھايىتى +ھەپىنەك→ ناھايىتى ھەپىنەك.

(2) ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى ئانالىتىك يول ئارقىلىق ئىسىم ياسىلىدۇ:

ھاللاك + قارغۇ → ھاللاك قارغۇ (كۆزى ئوچۇق قارغۇ يەنى ساۋاتسىز).

ھېقىي + لىق → ھېقىيلىق (مەسىلەن: ھېقىيلىقىنىڭ ئىستىقبالى يوق).

(3) پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى ئانالىتىك يول ئارقىلىق پېئىل ياسىلىدۇ:

ھېقىي + لاش → ھېقىيلاشماق. ھاللاك + قوي → ھاللاك قوي.

(4) رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق رەۋىش ياسىلىدۇ:

ھېقىي (لار) + چە → ھېقىيلارچە ھەپىنەك + تەك → ھەپىنەكتەك.

9. «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلانغان، خوتەن دىئالېكتىغا خاس بولغان پېئىللاردىن مورفولوگىيىلىك ياكى سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ئارقىلىق يېڭى سۆزلەر ياسىلىدۇ:

(1) ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى ئانالىتىك يول ئارقىلىق ئىسىملار ياسىلىدۇ:

ھاپپالا + غاق → ھاپپالىغاق. ھېيۋەت + كەن → ھېيۋەتكەن.

(2) سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق سۈپەت ياسىلىدۇ:

ھېيۋەت + خور → ھېيۋەتخور، ھۆرۈدە + سىز → ھۆرۈدىسىز.

خوتەن دىئالېكتىدا «ھ» فونېمىسى ئارقىلىق تۈزۈلگەن يۇقىرىقى سۆزلەر (ئىسىم، سۈپەت، پېئىل رەۋىش) ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى جۈملىدە لېكسىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق مەنا بىلدۈرىدۇ. ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىپ مورفولوگىيىلىك ۋە سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. شۇنىڭدەك باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ.

10. خوتەن دىئالېكتىدا «ھ» فونېمىسى ئارقىلىق باشلىنىدىغان يەتتە ئۇلانما سۆز بولۇپ، ئۇلارنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئورتاق تىلىمىزدىكى «مۇ، چۇ، غۇ، قۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زە، يۇ، ئا، ئە، دە، لا، ھە» قاتارلىق ئۈلانىملار بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى جەھەتتە بەزى پەرقلەرمۇ بار. چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئاۋۋال تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ھاما : ھەسەن، ياسىن قايتىپ كېپتۇ ھاما؟ (سوراق)

ھەدە: بالام ھەدە، سەن ماڭغاچ تۇرغىن، مەن ھېلى بارىمەن (جىكىلەش).

ھەدەك: ئەتە ھەدەك، كىنوغا ئاپىراي ماقۇلمۇ؟ (بەزلەش).

ھاما ـ ھاما: ھاما ـ ھاما، بۇ ئىشنى قىپ بولۇپ، ئاندىن دەمئالىلى (ئۆتۈنۈش).

ھەدە ـ ھەدە: ھەدە ـ ھەدە بۇ قەلەمنى ئاكاڭغا بەر، ساڭا يېڭىسىنى ئەپ بېرەي (جىكىلەش).

ھەدەك ـ ھەدەك: ھەدەك ـ ھەدەك، ئالمىغا دەپ قويۇڭ، ئەتە بىر كېلىپ كەتسۇنا (تاپىلاش).

ھەرباری: ھەر باری، ئۇلار كەتكەندۇ، بىزمۇ ماڭىلى (قىياس).

يۇقىرىقى ئۈلانىملارنى تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىشىجەھەتتە ئورتاق تىلىمىزدىكى ئۈلانىملاردىن تۆۋەندىكىدەك پەرقى بارلىقىنىكۆرۈۋالالايمىز.

(1) ئورتاق تىلىمىزدىكى ئۈلانىملارنىڭ ھەممىسى بىر بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ قىسمىنىڭ قانداق كېلىپچىققانلىقىنى ئېنىقلاش قىيىن. خوتەن دىئالېكتىدىكى يۇقىرىقى ئۈلانىملارنىڭ ھەممىسى كۆپ بوغۇملۇق، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەسلىدە لىكسىكىلىق مەنا بىردىغان سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، بەزى مورفېملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، ئالمىشىپ كېتىشى بىلەن قىسقىراپ، ئۈلانىمغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس. (ھە ـ ماقۇل دېگىن → ھەما (دېگىن) → ھاما؛ ھەئە دېگىن → ھە دېگىن → ھەدە؛ ھەئە دەڭ → ھە دەڭ).

(2) ئورتاق تىلىمىزدىكى ئۈلانىملارنىڭ تەكرار شەكلى يوق. خوتەن دىئالېكتىدىكى يۇقىرىقى ئۈلانىملاردىن يەككە ئۈلانىملار تەكرارلىنىپ، قوشما ئۈلانىملارنى ھاسىل قىلىدۇ. قوشما ئۈلانىملار ئىپادىلىگەن گىرامماتىكىلىق مەنا ئاددىي ئۈلانىملارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

(3) ئورتاق تىلىمىزدىكى ئۈلانىملار ئومۇمەن جۈملە ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ. خوتەن دىئالېكتىدىكى يۇقىرىقى ئۈلانىملارنىڭ قوللىنىلىشى بىرقەدەر ئەركىن بولۇپ، جۈملىگە باش تەرەپتىنمۇ، ئاخىرىدىنمۇ ئۇلىنىشى مۇمكىن، ئوتتۇرىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئادەتتە يەككە ئۈلانىملار جۈملە ئاخىرىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ، قوشما ئۈلانىملار جۈملە بېشىدا كېلىدۇ.

(4) ئورتاق تىلىمىزدىكى ئۈلانىملار كونتېكستتا قاراتما سۆز بولۇپ كەلمەيدۇ. خوتەن دىئالېكتىدىكى يۇقىرىقى ئۈلانىملار كونتېكستتا قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ. يەنى بۇ ئۈلانىملار ئېلىنىۋېتىلسە جۈملىنىڭ مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ. قوشۇلۇپ كەلسە، جۈملىدىكى ئۈي ـ پىكىر ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

11. خوتەن دىئالېكتىدىكى «ھ» فونېمىسى ئارقىلىق باشلىنىدىغان ئىملىق سۆزلەر تۈزۈلۈشى، گىراماتىكىلىق رولى جەھەتتىن ئورتاق تىلىمىزدىكى ئىملىق سۆزلەرگە ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئىپادىلىنىش جەھەتتە (يەنى نېمىنى قانداق ئىپادىلەش جەھەتتە) پەرقلىنىدۇ. ئاۋۋال تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

ھام: ئانا، ئۇكام ھام دەپتۇ.

ھەئەئە: ئەمەت ھەئەئە دەپلا ئولتۇردى.

ھىئىئى: ئۇ ھېرىپ كەتكىنىدىن ھىئىئى دەپلا يانپاشلىدى.

ھام ـ ھام: ئانا، ئانا، ھام ـ ھام ئېيتىمەن.

ھەئەئە ـ ھەئەئە: ئىش ئورنىدىن ھەئەئە ـ ھەئەئە دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى (كىشىلەرنىڭ كۆچەپ كەتمەن چېپىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ).

ھەھە… ھەھە…: ئاۋۇت ئاخۇن ھەھە… ھەھ دەپ ئېغىر ھاسىراپ ياتاتتى.

ھۆم ـ ھۆم: خانىقادا سوپىلار ھۆم ـ ھۆم دەپ ھەلقىگە چۈشكەنىدى.

يۇقىرىقى مىساللارنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، جۈملىلەر بىلەن كەلگەن ئىملىقلارنىڭ جۈملە بىلەن قۇرۇلما جەھەتتە باغلىنىشتا بولمايدىغانلىقىنى، سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى، ئىستەكلىرى، ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك ئاۋازلىرىنى ئىپادىلىگەنلىكى، بۇ جەھەتتە ئورتاق تىلىمىزدىكى ئىملىقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە «ھەئەئە ـ ھەئەئە، ھىئىئى، ھەھە…، ھەھە… ھۆم ـ ھۆم» دېگەن ئىملىقلارنىڭ ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنىڭ نىسپىيدورلىشى (ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، دۇپۇر ـ دۇپۇر، گۈلدۈر ـ گۆلۈپ دېگەنلەردەك) بولماستىن بەلكى ئۆز ئەينى خاتىرىلىنىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ، «ئاۋاز ئىملىقلىرى ئادەم، نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقىي ئۆز ئاۋازى ياكى تاۋۇشى بولماستىن، بەلكى ئاۋاز ۋە تاۋۇشلارنى نىسپىيدوراش ئارقىلىق پەيدا بولغان». («ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ‹ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك› 298 ـ بەت) دېگەن قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ. بۇ قائىدىگە توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ئىملىق سۆز ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇستەقىل سۆز ئەمەس. باغلىغۇچى، ئۇلانما، ئۈندەش سۆزمۇ ئەمەس. ھېچقايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە قىلغىلى بولمىدى دەپ بۇ ئىملىقلارنى يوقىتىۋېتىشكە ياكى قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىدىن سۆز ئاچماي ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى دېھقانلارنىڭ كەتمەن چاپقاندا «ھەئەئە ـ ھەئەئە» دېيىشى، سوپىلارنىڭ ھەلقە قىلغاندا، «ھۆم ـ ھۆم» دېيىشى قاتارلىقلار ئەمەلىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار نىسپىيدوراش ئارقىلىق (يېزىقتا) ئىپادىلەنگەن بولماستىن، بەلكى بۇ تاۋۇشلارنى يېزىقىمىزدا ئۆز ئەينى خاتىرىلىگىلى بولىدۇ. ئورتاق تىلىمىزدىمۇ يىغا ئاۋازىنى ئىپادىلەيدىغان «ھۆ… ھۆ…، ھى… ھى…» دېگەن ئىملىقلار بار (ئەلۋەتتە باشقىلىرىمۇ بار). دېمەكچىمەنكى بىر قىسىم ئىملىق سۆزلەرنى ئەينەن دورىغىلى، ئەينەن خاتىرىلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئىملىق سۆزلەر ھەققىدىكى بۇ قائىدىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش لازىمدەك تۇرىدۇ.

12. خوتەن دىئالېكتىدا «ھ» فونېمىسى بىلەن باشلىنىدىغان ئۈندەش سۆزلەر سىمانتىكىلىق مەنىسى، گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە،

ئورتاق تىلىمىزدىكى ئۈندەش سۆزلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ:

هېچچېن: هېچچېن، بۇ ئادەمنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ! (نارازىلىق، كەمسىتىشنى بىلدۈرىدۇ).

هېلىق: هېلىق، بۇنى يېگىلى كۆڭلۈڭ قانداق كۆتەردى؟ (يىركىنىشنى بىلدۈرىدۇ).

هوجون: هوجون، بۇ بۇغدايلار ئەجەب ئوخشاپتىغۇ! (هەيرانلىق، سۆيۈنۈشنى بىلدۈرىدۇ).

هۈي: هۈي، ئاۋۇ كىتابنى سۇنۇۋېتىڭا! (ئۆتۈنۈشنى بىلدۈرىدۇ).

هۇ... هۇ...! يىغلىما، بولمىسا گاچا ئېپىپ قاچىدۇ. (قورقۇتۇشنى بىلدۈرىدۇ).

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، خوتەن دىئالېكتىدا «ھ» فونېمىسى بىر قەدەر ئاكتىپ، «چاتاقچى» فونېما بولۇپ، ئورتاق تىلدىكىدىن پەرقلىنىدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان فونېما دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «ھ» فونېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ بۇ دىئالېكت رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىپادىلىنىش دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس. ئومۇمەن بەزى جايلاردا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. بەزى جايلاردا ئانچە گەۋدىلىك ئەمەس يېزىلار، چەت-يىراق جايلاردا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ، شەھەرلەردە ئانچە گەۋدىلىك ئەمەس. ياشانغانلار تىلىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئازراق ئۇچرايدۇ. ئېغىز تىلىدا، بولۇپمۇ ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش سۆزلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، يېزىق تىلىدا ئانچە ئۇچرىمايدۇ.

ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش قەدىمىنىڭ تېزلىتىلىشى، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، دىئالېكت سۆزلىرى پەيدىنپەي ئورتاق تىلغا ئورۇن بەرمەكتە. بۇ، بىر ئومۇمىي يۈزلىنىش. شۇنداقتىمۇ «تىلنىڭ تەرەققىياتى پارتلاش شەكلىدە ئەمەس، بەلكى تەدرىجى بولىدىغان بولغاچقا، دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن ئۇزۇن بىر جەريان كېرەك.» (خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى»، 258-بەت) شۇنىڭ بىلەن بىرگە «يەرلىك سۆزلەرمۇ تىلىمىزنىڭ زور بايلىقى، ئەدەبىي تىل يەرلىك سۆزلەرنىڭ پەيدىنپەي ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش بىلەن تولۇقلىنىپ ۋە بېيىپ بارىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك يەرلىك سۆزلەر ناھايىتى كۆپ.» («تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، 2-كىتاب، 260-بەت) دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن ئۇزۇن بىر جەريان كېرەك ئىكەن. دىئالېكت سۆزلىرى ئىچىدىكى مۇۋاپىق تەركىبلەرنى پەيدىنپەي ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى تولۇقلاش ۋە بېيىتىش كېرەك ئىكەن، ئۇنداقتا، دىئالېكتلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلماي، ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گىرامما-

تېكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىپ چىقالماي بولمايدۇ. بۇ خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىيەلىسەك، ئورتاق تىلىمىزنىڭ تەلەپپۇزىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش، ئىپادىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە قەدىمىمىزنى تېزلىتىپ، ئورتاق تىلىمىزنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

1988 - يىل ماي، خوتەن

**[ئەسكەرتمە]**

بۇ ماقالىغا كىرگۈزۈلگەن دىئالېكت سۆزلىرىنى تاللاشتا، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» ئاساس قىلىنىپ، لۇغەتتە بولمىغان سۆزلەر دىئالېكت سۆزلىرى ھېسابلاندى. تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولغان سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇشتىمۇ مۇشۇ لۇغەت ئۆلچەم قىلىندى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم.
2. ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى».
3. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى».
4. «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 2 - كىتاب.
5. نەسرۇللا يولبولدى: «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئاساسىي بىلىملەر».
6. «خوتەن ئالىي سېفەن تېخنىكوم ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986-يىل 2-سان.
7. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1987 - يىللىق سانلىرى.


---

(بېشى 100 - بەتتە)

سىنىپلار بىلەن ئەمگەكچىلەر سىنىپىي ئوتتۇرىسىدىكى روشەن سىنىپىي خاراكتېر ئالغان مەدەنىيەت توقۇنۇشىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇش پۈتكۈل جەمئىيەتتە باشتىن- ئاخىر ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى خاراكتېر جەھەتتىمۇ كۆپ خىل، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىمۇ رەڭگا - رەڭ ئىپادىلىنىدۇ. بىز مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلغاندا، پەقەت ئۇنى مەيدانغا چىقارغان ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىتقا، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىگە باغلاپ كۆزىتىشىمىز ۋە باھا بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھەر خىل مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىنى تونۇۋالالايمىز ھەمدە ھەرخىل مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.



AltunOq

# تاۋار ئىگىلىكى ئەمەلىيەتتە بازار ئىگىلىكىدۇر

ئابلىكىم ھەسەن

ئەنئەنىۋى كۆز قاراش— بازار ئىگىلىكىنى كاپىتالىزم دەپ ھېسابلاپ، بازار ئىگىلىكى تاۋار ئىگىلىكىگە تەڭ ئەمەس دەپ تونۇپ كەلگەنىدى. ھازىر يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سوتسىيالىستىك ئىگىلىك گەرچە تاۋار ئىگىلىكى بولسىمۇ، لېكىن بازار ئىگىلىكى ھېسابلانمايدۇ دەپ تونۇپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە، تاۋار ئىگىلىكى— بازار ئىگىلىكى بولىدۇ. چۈنكى، بازار ئىگىلىكىدىكى بازار— ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىپادىسى تاۋار ئالماشتۇرۇش مەيدانى ۋە ئورنى بولۇپ، ئۇ، ئۆزئارا قارىمۇ-قارشى بولغان تاۋارلار ۋە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

تاۋار ئىگىلىكىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن، نېمىنىڭ بازار ۋە بازار سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنى قانداق تولۇقلاش ۋە بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىق تونۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1

ماركس، ئېنگېلس، لېنىن — بازارنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەتكەنىدى. ئۇلۇغ ئۇستازىمىز لېنىن: «بازار — تاۋار ئىگىلىكىنىڭ كاتېگورىيىسى»، «بازاردىن ئىبارەت بۇ چۈشەنچە بىلەن ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى··· بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. قەيەردە ئىش تەقسىماتى بىلەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش مەۋجۇت ئىكەن، شۇ يەردە بازارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ»① دەپ كۆرسەتكەن. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش مەۋجۇت بولمىغاچقا، بازارمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بازار ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بىلەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەھسۇلاتى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ۋە سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، چارۋىچىلىق بىلەن قول سانائەتنى يېزا ئىگىلىكىدىن ئايرىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئىقتىسادىي بۆلۈم قىلىپ شەكىللەندۈردى. «ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن قول سانائەتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۆلۈمگە ئايرىلىشىغا ئەگىشىپ، قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە قەبىلىلەرنىڭ چېگرىسىدىكى سودا شەكىللەندى»②. ئۈچىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي چوڭ ئىش تەقسىماتى، «ئۇ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانماي، بەلكى مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان — سودىگەرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى»③ ئىجتىمائىي چوڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى — ئەمگەك

① لېنىن ئەسەرلىرى 1- توم خەنزۇچە نەشرى 83- بەتكە قارالسۇن.
②③ «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 23- توم، 125- بەت، 49- توم 309- بەت.

مەھسۇلاتلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، تەبىئىي ئىقتىسادنى تەدرىجىي ھالدا تاۋار ئىگىلىكىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن: «بازار — تاۋار ئىگىلىكىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ مەھسۇلى.»① ماركس: «بازار — مۇئامىلە ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسى.»② تاۋار ئىقتىسادىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى، دەپ كۆرسەتتى.

بازار ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادتا بارغانسېرى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھەر بىر مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى مۇستەقىل سانائەت بۆلۈمى قىلىپ قويىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ ھەر بىر قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىشمۇ مەخسۇس سانائەت بۆلۈملىرى بولۇپ قالىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى بىلەن، بازارنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى زورىيىدۇ، بازارنىڭ مەزمۇنىمۇ بارغانسېرى مولىشىپ بارىدۇ، بازارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم رولى بارغانسېرى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بازارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى — ئىنسانلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى بىر خىل ئىلگىرىلەشنىڭ ئىپادىسى. بازار كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە مەزمۇنىنىڭ موللۇق دەرىجىسىدىن، بىرەر جەمئىيەتنىڭ ئىگىلىك تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدۇ. بازارمۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىسى، بازار بولغاچقا، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇش جىم - جىتلىق ھالدا ئەمەس، بەلكى جانلانغان ھالەتتە تۇرىدۇ.

بازارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئاكتىپ ئىلغار رولى ھەققىدە لېنىن: «تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆسۈشى تەبىئىي ئىگىلىكنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئۇششاق ئىگىلىك ئورۇنلىرىنىڭ تارقاقلىقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىچىك يەرلىك بازارلارنى بىرلەشتۈرۈپ كېڭەيگەن دۆلەت بازىرىغا (ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە دۇنيا بازىرىغا) ئايلاندۇردى»③ دەپ كۆرسەتتى. فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، تاۋار پۇل مۇناسىۋىتى راۋاجلانغاچقا، يېزا ئىگىلىكىدە پۇل يەر ئىجارىسى بارلىققا كېلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغاندا ئىنتايىن چوڭ جانلىقلىققا ئىگە بولغانىدى. دېھقانلار پۇلغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەر خىل ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىپ، بۇنىڭ بىلەن بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقانىدى. بازار ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە تايىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى بازار ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشقا قاراتقان، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار ئۆزىنىڭ سىڭىپ كىرىش كۈچىگە تايىنىپ، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى بۇزۇپ، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، تاۋار ئىگىلىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە راۋاجلانغان، بازارنىڭ كۆلىمى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە

① «لېنىن ئەسەرلىرى» 1- توم، 83- بەتكە قارالسۇن.

② «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 23- توم، 123- بەت، 49- توم 309- بەتكە قارالسۇن.

③ «لېنىن ئەسەرلىرى» 3- توم، 548- بەتكە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

كېڭەيگەن. بولۇپمۇ، دۇنيا بازىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىلىك كۈچى بولۇپ قالدى. ماركس: «دۇنيا بازىرى سودا، دېڭىز قاتناش ئىشلىرى ۋە قۇرۇقلۇق قاتناش ئىشلىرىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇۋەتتى. بۇ خىل راۋاجلىنىشنىڭ ئەكسىچە سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ... ئوتتۇرا ئەسىردىن قېپقالغان بارلىق سىنىپلارنى ئارقىغا سىقىپ چىقىرىدۇ»① دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ئۇزۇندىن بېرى، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدا، بازارنى غەيرىي كۈچ دەپ ھېسابلاپ كەلدۇق. بەزى كىشىلەر ئومۇمەن بازارنى يوقىتىۋېتىش ئارزۇسىدا بولدى. ھەر قايسى سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى: بازاردىن ئايرىلغاندا، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ چىقىش يولى بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىستىك بازارنىڭ بولۇشى زۆرۈر. سوتسىيالىستىك بازار بىر يېڭى كاتېگورىيە بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم شەرت، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدۇر. تاۋار ئىگىلىكىنى يوقىتىشقا بولمايدۇ، بازارنىمۇ يوقىتىشقا بولمايدۇ.

2

ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاۋار ئىگىلىكى — بازار ئىگىلىكى بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى بىلەن تاۋار ئىگىلىكى بىر نەرسە. تاۋار ئىگىلىكىنى نېمە ئۈچۈن بازار ئىگىلىكى دەيمىز؟

بىرىنچى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئوخشاشمىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا بېقىنىش، بىر - بىرىگە بازار شەكىللەندۈرۈپ بېرىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ماركس: «ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بولغاچقا، تاۋار بازىرى كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ بارىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئىش تەقسىماتى، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بىر - بىرىگە تاۋار قىلىپ، ئۆز ئارا مۇۋازىنەتلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە بازار قىلىپ قويىدۇ»② دەپ كۆرسەتكەن. بۇ خىل نەرسە بىلەن نەرسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بېقىنىش سىستېمىسى — بازار سىستېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ھەر خىل ئوخشاشمايدىغان ئىشلەپچىقىرىشلارنى مۇستەقىل ئىقتىسادىي بۆلۈم ۋە ئورۇنلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ۋە مەھسۇلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش بازارلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بازار ئوخشاش بولمىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ۋاستىدىن ئىبارەتتۇر.

ئىككىنچى، ھەر قانداق جەمئىيەتتىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازار ئۈچۈن بولىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىكى مەقسىتى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ، قىممەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ، ئۆز-

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم، 252 - بەتكە قارالسۇن.

② «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 25- توم، 718- بەتكە قارالسۇن.

لىرىدىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بولمايدۇ. ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش — تاۋار ئىگىلىكى بىلەن تەبىئىي ئىگىلىكنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەھسۇلاتى مۇقەررەر ھالدا بازار ئارقىلىق، ئاندىن ئۇنىڭ تاۋارنىڭ قىممىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ھەر بىر تاۋارنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى، شۇ ۋاقىتتىكى بازارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بازار تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نىشانى، كۆلىمى، مىقدارىۋە مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرلىرى قاتارلىقلارنى تەڭشەپ بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ھەر دائىم بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن ۋە باھانىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىغا قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نىشانى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى قاتارلىقلارنى تەڭشەپ تۇرىدۇ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، قانداق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، قانچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، بازار مېخانىزمى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن كونترول قىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىماتىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

تۆتىنچى، ئىجتىمائىي تەقسىمات بازار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى كېرەك. ئىستېمالمۇ بازار ئارقىلىق قاندۇرۇلۇشى كېرەك. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش ، تەقسىمات، ئىستېمال قاتارلىق ھەر بىر ھالقىنىڭ ھەر بىرى تاۋار پۇل ئارقىلىق بولۇشى كېرەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بازاردىن ئايرىلالمايدۇ. مەيلى ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىماتىدا بولسۇن، مەيلى شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدا بولسۇن؛ مەيلى ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالى ياكى تۇرمۇش ئىستېمالىدا بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تاۋار ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەممىسى بازار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاۋار ئىگىلىكىنى بازار ئىگىلىكى دەپ ئېيتىش كېرەك.

دېمەك، تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىكى ھەر بىر باسقۇچى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر بىر بۆلۈملىرى بازارغا تايىنىپ بىر ـ بىرىگە باغلىنىدۇ، بازار ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بازار ئىگىلىكى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئۇزۇن مەزگىلدىن بېرى، كىشىلەر بازار ئىگىلىكىنى كاپىتالىزم ئىگىلىكى دەپ ھېسابلاپ كەلدى. تونۇش مەسىلىسىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بازارنىڭ ماھىيىتى بىلەن رولىنى ھەقىقەتەن ئېنىق تونۇپ يەتمىگەن. بەزى كىشىلەر ھەر دائىم، بازارنىڭ رولىنى — سوتسىيالىستىك ئىقتىسادقا بۇزغۇنچىلىق رول ئوينايدۇ دەپ ھېسابلىدى. تاھازىرغىچە بەزى كىشىلەر بازارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتە بولغان رولىنى يۇقىرى مۆلچەرلىمەسلىك كېرەك، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى تېخىمۇ پەدەزلەپ كۆرسىتىشكە بولمايدۇ، دەپ تونۇماقتا. بۇ بىر خىل خاتا كۆز قاراش.

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بازارنىڭ تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك رولى مەۋجۇت:

بىرىنچى، بازار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شەرتى. ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ۋە ئىستېمال قىممىتى تولدۇرۇلۇشى كېرەك. بىراق قىممىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ۋە ئىستېمال قىممىتىنىڭ تولدۇرۇلۇشى چوقۇم بازار ئارقىلىق بولۇشى كېرەك. ئەگەر بازاردىن ئايرىلغاندا سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈملىرى ئىشلەپچىقارغان تاۋارنىڭ قىممىتى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىمۇ قاندۇرۇلالمايدۇ، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلالمايدۇ. بازار مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتىمۇ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، بازار — ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا نىسبەتەن ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ماركسىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇئامىلە توغرىسىدىكى تەلىماتى بىزگە: بازارنىڭ كېڭىيىپ چىقىش ۋە تەرەققىي قىلىشى، بازارنىڭ كۆلىمى ۋە قۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بىراق، بازار ئەكسىچە يەنىلا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەكسى تەسىر قىلىدۇ. بازارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە كۆلىمى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كەلسە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي جەريانىدا، ئەگەر مۇئامىلە جەريانى قىسقارتىلغاندا، ئىجتىمائىي ئەمگەك ۋاقتى قىسقىرايدۇ، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ.

ئۈچىنچى، بازار — خەلقنىڭ ئىستېمالىنى قاندۇرۇش، خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا، شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى بازار ئارقىلىق بولىدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسلىقى پۇل كىرىمىدۇر، ئەمگەكچىلەر قولىدىكى پۇلنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ھەر خىل تاۋارلارنى تاللاپ سېتىپ ئېلىش بىلەن، ئائىلىسىنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

تۆتىنچى، بازار — ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدىكى نىسبەتلىك تەقسىماتىنى تەڭشەپ بېرىدۇ. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملەر ئوتتۇرىسىدا، ئىجتىمائىي ئەمگەك نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بازار — تەكشۈرۈش ۋە باھالاش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ بازار قىممىتى ۋە تاۋارنىڭ جەمئىيەت ئىجتىمائىي مىقدارى ئارقىلىق قايسى خىل تاۋارنىڭ جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، قايسى خىل تاۋارنىڭ جەمئىيەتكە ئېھتىياجسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. دۆلەت پىلانى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملەرگە بولغان تەقسىماتىنى تەڭشەپ بېرىدۇ، جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارغا

نىسبەتەن، كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ كېڭەيتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويىدۇ.

## 3

بازار سىستېمىسى دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق قۇرۇش ۋە ياخشىلاش كېرەك؟ بازار سىستېمىسى — تاۋار بازىرى، تېخنىكا بازىرى، مەبلەغ بازىرى، ئەمگەك كۈچى بازىرى قاتارلىق ھەر خىل ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان بىر ئورگانىك بازارلار قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، نەزەرىيە جەھەتتە تاۋار ئىگىلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىمىز، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە بازارنىڭ رولىنى يوققا چىقارغانلىقىمىزدىن، بازار راۋاج تاپمىدى، بازار سىستېمىسى تولۇقلانمىدى، بازار مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى. تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كەلسە، بازارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە تولۇقلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېمال بويۇملىرى بازىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرىغا كېڭەيتىش، ماددىي مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى مەنىۋى مەھسۇلاتلار بازىرىغا كېڭەيتىش، مەھسۇلاتلار بازىرىنى مالىيە بازىرىغا كېڭەيتىش، ئىچكى بازارنى خەلقئارا بازارغا كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈچ ئامىلى، يەنى ئەمگەك ئوبيېكتى، ئەمگەك ۋاسىتىلىرى، ئەمگەك كۈچى مۇئامىلە ساھەسىگە قويۇلغاندىلا، ئاندىن ئۈچ ئامىلنىڭ يۇقىرى نورمىدىكى بىرلىشىشىگە يول ئېچىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك قاتارلىق تەرەپلەردىكى توسقۇنلۇقنى بۆسۈپ، بەزى ئورۇنلارنىڭ ياراملىق خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ جىددىيلىكى بىلەن بەزى ئورۇنلارنىڭ ئېھتىياجسىزلىقىنى تەڭشەشكە بولىدۇ؛ بەزى ئورۇنلاردىكى مەبلەغ ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ جىددىيلىكى بىلەن بەزى ئورۇنلاردىكى مەبلەغ ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ بوش تۇرۇپ قېلىشىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا بولىدۇ. بازار ئارقىلىق ئۈچ ئامىلنى بىرلەشتۈرۈش، شۇ ئاساستا رېئاللىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ھاسىل قىلىش — ھەقىقەتەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئەنتايىن زور ئەۋزەللىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدىن ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش تۈرىگە ئۆزگىرىشى، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن خام ئەشيا سېتىۋېلىشىغىچە بازارغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. دېھقانلارمۇ تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ساتقۇچى سۈپىتىدە بازارغا كىرىشكە باشلايدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلى بار بولغان بازارنىڭ كۆلىمى بىلەن بازارنىڭ قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. نۆۋەتتە، يېزا قىشلاقلاردىكى «ئېلىشمۇ قىيىن، سېتىشمۇ قىيىن» بولۇشنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى.

سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە تولۇقلاش — كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. ئەسلىدىكى كونا تۈزۈلمىدە، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى كەم بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب، كارخانى-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت كۈچىنىڭ ۋە سىرتقى قىسمىدا بېسىمنىڭ يوقلۇقىدىن بولغان بولۇپ، كارخانىلار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان كارخانىلار ۋە دۆلەتكە يۆلەك بولۇۋالغان. بازار سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن، كارخانىلارنى بازارغا يۈزلەندۈرگەندە، رىقابەتلەشتۈرۈپ سىرتقى بېسىمنى ھېس قىلدۇرغاندا، كارخانىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى تۇرغۇزۇلۇپ، ئىجادچانلىقى پارلىققا كېلىدۇ.

بازار سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە تولۇقلاشتا، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن ۋاسىتىلىق كونترول قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا بولغان ۋاسىتىلىق كونتروللۇقى — مۇھىمى باھا، باج ئېلىش، پايدا، ئۆسۈم نورمىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاسىتىلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ھەرىكىتىنى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئەلۋەتتە بازار سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش كېرەك.

سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مۇھىمى، بۇلۇپمۇ كۆز ئالدىمىزدا تاۋار بازىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ماللىرى بازىرىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندۇرۇش ۋە تولۇقلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن:

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى — يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى بىلەن سانائەت بۇيۇملىرى بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا مۇھىمى — يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرى بىلەن ھەقىقىي تۈردە بىردەك ماسلىشالايدىغان قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، ئاز بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا نىسبەتەن كېلىشىم بويىچە سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن باشقا، بىر تۇتاش سېتىش - سېتىۋېلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، باھامۇ ئاساسەن قويۇۋېتىلدى. يېزا ئىگىلىكىدە سودا بازارلىرى قۇرۇلدى. مۇئامىلە يوللىرى خىلمۇخىللىق نىشانىغا قاراپ راۋاجلاندى. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى زور تۈركۈمدە ئىختىيارىچە شەھەرگە كەلتۈرۈپ بازاردا سېتىشقا تولۇق رۇخسەت قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بازار ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرىنى تېخىمۇ ئېچىۋېتىش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. ستالىننىڭ مەھسۇلات ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرى ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. 1983-يىلىدىن باشلاپ دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا «قوش يوللۇق تۈزۈم» دىكى مۇئامىلە قۇرۇلمىسىنى يولغا قويۇپ، ئاز بىر قىسىم مۇھىم ماددىي ۋاسىتىلارنىڭ سىرتىدا، باشقا مەھسۇلاتلارغا نىسبەتەن بازارغا كىرىش بىردەك رۇخسەت قىلىندى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ بازارغا كىرىشى — كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇئامىلە ساھەسىنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇئامىلە قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك مەبلەغ بازىرىنى قۇرۇش كېرەك. مەبلەغ بازىرى — مەبلەغنىڭ يوشۇرۇن مەيدانى، ماھىيەتتە مالىيە بازىرى. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىدە، مەبلەغ — تاۋار ھېسابلىنىدۇ. كونا تۈزۈلمىدە كارخانا مەبلىغى دۆلەت پىلانىنىڭ تەقسىم قىلىش تەرتىپىدىن بەلگىلىنەتتى. ئۇ ۋاقىتتا، مەبلەغ پەقەت ھېسابكىتاب قىلىشنىڭ قورالى ئىدى. ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كەسىپتىن ھالقىغان، رايوندىن ھالقىغان، كارخانىدىن ھالقىغان مەبلەغ سېلىش ئىشلىرى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن دائىرىسى كەڭ، مىقدارى چوڭ يېڭى مەبلەغ ئەھۋاللىرى مەيدانغا كەلدى. مەبلەغ بازىرىنى قۇرۇشتا، ئاۋۋال قىسقا مۇددەتلىك مەبلەغ بازىرىنى قۇرۇپ، رايونلار ۋە ھەر قايسى ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدا قەرز خاراكتېرلىك مۇئامىلىنى كۆچەيتىپ، مالىيە چىقىمىنىڭ يېتىشمەسلىك ھالىتىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئۇزۇن مۇددەتلىك مالىيە مەبلەغ بازىرىنى ۋە زايوم بازىرىنى قۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچى، سوتسىيالىستىك ئەمگەك كۈچى بازىرىنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئەمگەك كۈچى بازىرى — ئەمگەك كۈچىنىڭ يوشۇرۇنغان مەيدانى. سوتسىيالىزم شارائىتىدە، ئەمگەك كۈچى ئوخشاشلا تاۋار خاراكتېرىنى ئالىدۇ. ئەمگەك كۈچى مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بازارغا ئەركىن كىرىپ مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇلۇشىغا يول قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بەزى كارخانا خادىملىرىنىڭ مۇۋاپىقسىزلىق ھالىتىنى تۈگىتىپ، كارخانىلارغا ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا قاراپ ئەمگەك كۈچىنى كۆپەيتىش ياكى كېمەيتىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلاپ بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەك مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ئېكسپورت قىلىش بازىرىنىمۇ ئېچىۋېتىش كېرەك. لېكىن ئەمگەك كۈچىنىڭ ئۆزگىرىش، دۆلەتنىڭ پىلان يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسى — يۇقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغانلاردىن باشقا يەنە تېخنىكا بازىرى، ئۇچۇر بازىرى، ئۆي - مۈلۈك بازىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس ئالاھىدىلىكى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرغاندا، ئاندىن بازار مېخانىزمىنىڭ تەڭشەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

1989 - يىل ئاپرېل، قەشقەر.

www.uyghurkitap.com

吐

# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

باش تەھرىر: چوڭ ھاجى

مۇئاۋىن باش تەھرىر: جاپپار روزى<br>روزاخۇن سىدىق

---

# 喀什师范学院学报

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1014/Z

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58—114

---

باھاسى: 0.60 يۈەن